

مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

1999

3

# خوشخەۋەر

ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنىستىتۇى ئىلمىي ژۇرنىلى 1982-يىلدىن باشلاپ نەشر قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ 18 يىللىق مۇساپىسىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكىنى ساقلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي جەھەتتە مۇقىم بولۇش، مىللەتلەر ئىجىل-ئىناق بولۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن روناق تېپىش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش جەھەتلەردە تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز بۇ قېتىم دۆلەت ئاخبارات مەھكىمىسىنىڭ «ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى ۋە باھالاش ئۇسۇلى» دىكى پرىنسىپلار بويىچە ھەم ژۇرنال ساھەسىدە تەسىرى كۈچلۈك بولغان 23 نەپەر ئالىمدىن تەركىپ تاپقان مەملىكەتلىك باش باھالاش كومىتېتىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق دۆلەتلىك مۇنەۋۋەر ژۇرنال بولۇپ باھالاندى. مەن بۇ غەلىبىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ژۇرنىلىمىزنىڭ روناق تېپىشىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە، كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە، ئاپتورلارغا ۋە تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارغا سەمىمى تەشەككۈر بىلدۈرىمەن

مەزكۇر ژۇرنالنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى زەينۇللا

**1999 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى**

# مۇندەرىجە

## ئىزدىنىش


كۆزنىتىش ..................................... سەمەت خېۋىر (2)

دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ................................... راقات زارىلقان (18)


## مۇھاكىمە


پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتكە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا مۇلاھىزە ................ شاۋكەت ئابلىمىت، رىزىۋانگۈل ئابلىز (25)

ئەپسانىيەتچىلىك قىلىپ جازانى كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، ۋاقتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش جىنايىتى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى توغرىسىدا ...................... ھاشىمجان ئىسمائىل (31)


## قانۇندىن ساۋات


توختام قانۇنى ھەققىدە قىسقىچە ساۋات ................................................ ئابدۇكېرىم ھوشۇر (34)


## ج خ تەتقىقاتى


جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىخانىلىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى رولى توغرىسىدا ................................... سەمەت يۈسۈپ، ئابلىكىم جۇمە (38)


## زاراۋىدىكى ئەمەلىيەت


ئىككى ئادەم ئۆۋەتلىشىپ يازغان پوچوركا دېلولىرىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا ...................... ئىسمائىل ئىبراھىم (45)


## قانۇنچىلىق تەتقىقاتى


دۆلىتىمىزدە شىركەت قانۇنى تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ...................................... غەيرەت نۇرەخمەت (49)

شايكا جىنايىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەرنى كۈچەيتىش لازىم .............. مۆمىن لىتىپ (52)

باشقىلارنى قان سېتىشقا قانۇنسىز ئۇيۇشتۇرۇش جىنايىتى توغرىسىدا ........................................ ئارزىگۈل ئابلا (55)

نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەر ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم ........................................ ئايگۈل ئىبرايىم (59)

چەت ئەل نىكاھ قانۇنلىرىدىن ................................ (64)



پەسىللىك ژۇرنال
(ئومۇمىي 75 - سان)

1999 - يىل 3 - سان

باشقۇرغۇچى

شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى پەن تەتقىقات باشقارمىسى

باش مۇھەررىر

چۇي خېنيەن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

زەينۇللا

دىڭ يۈەنسەي

مەسئۇل مۇھەررىر

سەلىمە خوجا

تېلېفون نومۇرى

6638836—2140

پوچتا نومۇرى

830011

# كۆزىتىش

سەمەت خېۋىر

(ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى پېشقەدەم كادىرلار باشقارمىسى)

سىناپ كۆرۈپ ئەر بىلمىسە بىلىم،
ئى پاك قەلب بولماس ئۇنى ئىنسان دېسە.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

## 1. كۆزىتىش توغرىسىدا

1) كۆزىتىش مەنىسى. كۆزىتىش مەقسەتلىك، پىلانلىق يوسۇندا خېلى ئۇزۇن داۋاملىشىدىغان ئاڭلىق ئەمەلىيەت پائالىيىتىدىن ئىبارەت. شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئەتراپلىق، توغرا، چوڭقۇر بىلىش - كۆزىتىش بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. كۆزىتىش ئىلمىي ئىجادىيەتنىڭ باشلىنىش نوقتىسى، شۇنداقلا ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان مۇھىم ۋاستە، كۆزىتىش ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ھادىسىسىنى، ئايرىم تەرەپلىرىنى ۋە تاشقى باغلىنىشىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەت جەريانىدا كۆزىتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھېسسىي بىلىشنى ئەقلىي بىلىشكە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىيىتى، ماھىيىتى ۋە ئىچكى باغلىنىشىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىن، كۆزىتىشتىن، بىۋاستە تەجرىبىدىن چەتلەشسە ھەقىقىي بىلىمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، ئىلىم - پەن ئىجادىيىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ. ئىختىساسلىقلار، ئالىملار ئىلىم - پەن پائالىيىتىدە كۆزىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلغان، گوشۇجىڭ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، دارۋىن، لۇشۈن، رېتالۇي قاتارلىق ئالىملار ئىلىم - پەن ئەمەلىيىتىدە كۆزىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىر دەك تەكىتلىگەنىدى. لېنىن ئوتتۇرىغا قويغان «كۆزىتىشنىڭ ئوبيېكتىپلىق پرىنسىپى» ئىجادىي پائالىيەت جەريانىدا ئالىملار باشتىن - ئاخىر قاتتىق ئەمەل قىلغان «كۆزىتىش» پائالىيىتى بىلەن پۈتۈنلەي بىردەك.

«زېرەك» دېگەن بۇ سۆز ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. كۆزىتىش ئىقتىدارى كىشىلەرنىڭ دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. كۆزىتىش بىلىشنىڭ، ئىلىم - پەن ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم يولى.

كىشىلەرنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. بەزىلەرنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، بەزىلەرنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى ئاجىز بولىدۇ. كۆزىتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك كىشىلەرنىڭ ئىدرىكى مۇكەممەل، توغرا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە ئېرىشكەن ئۇچۇرلىرى مول ۋە چوڭقۇر بولىدۇ. كۆزىتىش ئىقتىدارى ئاجىز كىشىلەر گەرچە نەرسىلەرنى كۆرگەن، ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئەمما سەزگەن نەرسىلىرى ئاز، يېرىم-ياتا، ھەتتا خاتا بولىدۇ. ئىختىساسلىقلار، ئالىملار كۆزىتىشنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ تۇپلۇك يولى، داغدام ئىشىكى دەپ قاراپ، شەيئىلەرنى كۆزىتىش يولىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قان - تەر ئاققۇزغانلىقتىن ئۆز ئىجادىيىتىنى كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرۇپ، خەلققە ۋە ئىنسانىيەتكە بەخت ئاتا قىلغان، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، شۇڭا ئۇلار باشقىلار بايقىيالمىغان نەرسىلەرنى

بايقىيالايدۇ، باشقىلار سىزالمىغان نەرسىلەرنى سىزالەيدۇ، باشقىلار بىلەلمىگەن نەرسىلەرنى بىلەلەيدۇ.

2) كۆزىتىش، تۇيغۇ، ئىدرەك

كۆزىتىش، تۇيغۇ، ئىدرەك ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلار يەنە ئۆزئارا باغلانغان. كۆزىتىش، تۇيغۇ، ئىدرەك ئومۇمىي بىلىش جەريانىنىڭ ھېسسىي بىلىش باسقۇچى بىلەن باغلانغان بولىدۇ. تۇيغۇ - ئادەم مېڭىسىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيىتى توغرىسىدىكى ئىنكاسى. ئىدرەك - سەزگۈ ئەزالىرىغا بىۋاسىتە تەسىر قىلغان ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ پۈتۈنلۈك جەھەتتىكى ئىنكاسىدىن ئىبارەت. ئەمەلىي تۇرمۇشتا تۇيغۇ بىلەن ئىدرەكنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئىدرەك شەيئىلەرنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيىتىنى ئەمەس، شەيئىلەرنىڭ كۆپلىگەن خۇسۇسىيەتلىرىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئومۇملۇق، پۈتۈنلۈك جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىدرەك بەزىدە مەقسەتلىك، بەزىدە مەقسەتسىز بولىدۇ، كۆزىتىش بولسا، ئاڭلىق، مەقسەتلىك ئىدرەك بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئەمەلىيەت پائالىيىتىدىن ئىبارەت. دېمەك، ئۇلار ئۆزئارا باغلانغان.

3) ئىدرەكنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسى.

كۆپلىگەن ئانالىز ئەزالىرىنىڭ بىرلەشكەن ھەرىكىتى يەنى مېڭىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى تەھلىل - ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتى ئىدرەك ۋە كۆزىتىشنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسى. كىشىلەرنىڭ كۆپلىگەن ئانالىز ئەزالىرىنىڭ ئورتاق ھەرىكىتى بىلەن مۇئەييەن ئوبيېكتنىڭ كۆپ خىل خۇسۇسىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، مۇكەممەل ئىدرەك شەكىللىنىدۇ. ھاسىل قىلىنغان ئىدرەكنىڭ كۆپچىلىكىدە كۆرۈش ئانالىز ئەزاسى بىلەن ھەرىكەت ئانالىز ئەزاسى يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. ئىدرەك مۇرەككەپ قوزغاتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن رېفلېكسلىق پائالىيەت بىلەن زىچ باغلانغان. بۇرۇن شەكىللەنگەن ۋاقىتلىق ئالاقە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى قوزغاتقۇچىغا قارىتا تەھلىل، ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇ، ئىدرەكنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە تەجرىبىنىڭ ئىدرەككە كۆرسىتىدىغان تەسىرىدىن ئىبارەت.

كىشىلەر كۆزىتىش ئارقىلىق مول ھېسسىي بىلىمگە ئېرىشىدۇ. ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ھەرقانداق بىر كىشىدە كۆزىتىش ئىقتىدارى يېتىلگەن بولۇشى لازىم. كۆزىتىش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەقىل بايلىقىنى ئېچىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى.

## 2. كۆزىتىش ۋە بىلىش جەريانى

بىلىشنىڭ ئومۇمىي جەريانى — ئەمەلىيەتتىن بىلىشكە، بىلىشتىن ئەمەلىيەتكە ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئىككى جەريانغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى جەريان — بىلىشنىڭ ئەمەلىيەت ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىش جەريانى، ئىككىنچى جەريان — بىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە قوللىنىش جەريانىدۇر.

بىلىش ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ، بىلىش ئەمەلىيەت جەريانىدىكى كۆزىتىشتىن باشلىنىدۇ. كۆزىتىش جەريانىدا ئالدى بىلەن تۇيغۇ، ئىدرەك ھاسىل بولىدۇ. كۆزىتىش داۋامىدا تۇيغۇ، ئىدرەك ماتېرىياللىرى ئاساسىدا تەپەككۇر پائالىيىتى داۋاملىشىپ ئەقلىي بىلىش ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئەگەر ئەمەلىيەت جەريانىدا شەيئىلەر ئۈستىدە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىلمىسا، ئۇنىڭغا ماس ھالدا تۇيغۇ، ئىدرەكنىڭ ھاسىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا تۇيغۇ، ئىدرەك ۋە ئۇلار تەمىنلىگەن ماتېرىياللار بولمىسا، نورمال تەپەككۇر پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئەقلىي بىلىش ھاسىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەت جەريانىدا كۆزىتىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن تۇيغۇ، ئىدرەك بولمىسا، تەپەككۇر پائالىيىتى، ھېسسىيات پائالىيىتى، ئىرادە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش، ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش مۇمكىن

ئەمەس. ئەمەلىيەتتىن، كۆزىتىشتىن، بىلىشنىڭ دىئالېكتىك جەريانلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا ئىختىساسلىقلارنىڭ، ئالىملارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

1) تۇيغۇ

(1) تۇيغۇ جەريانى

بىرىنچى تۇيغۇ كىشىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا بىۋاستە تەسىر قىلغان ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنكاسىدىن ئىبارەت. ھەرقانداق شەيئىنىڭ كۆپ خىل خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. تۇيغۇ شەيئىلەرنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيىتىنىڭ ئىنكاسى. ئۇ، شەيئىلەرنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى كىشىلەرنىڭ كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، تىل، بەدەن قاتارلىق سەزگۈ ئەزالىرىغا بىۋاستە تەسىر قىلىشى بىلەن مېڭىدە تۇغۇلىدىغان كۆرۈش، ئاڭلاش قاتارلىق تۇيغۇلاردىن ئىبارەت. ھەرقانداق تۇيغۇ ئىككى خىل ئوبيېكتىپ شەرت بىلەن باغلىنىدۇ: بىرىنچى، بىزنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇئەييەن ئېنېرگىيىلىك ئوبيېكتىپ غىدىقلىغۇچى بولۇش كېرەك. ئىككىنچى، ئوبيېكتىپ غىدىقلىغۇچىنى قوبۇل قىلىشقا ماس كېلىدىغان سېزىم قوبۇل قىلىش ئەزالىرى (سەزگۈ ئەزالىرى، نېرۋا يولى، چوڭ مېڭە پوستلىقىدىكى سەزگۈ مەركىزى) بولۇش كېرەك. بۇ ئەزالارنىڭ بىرەرسى زەخىملەنسە، تۇيغۇنىڭ ھاسىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچى تۇيغۇ — ئۇچۇرلارنىڭ كېلىش مەنبەسىگە قاراپ، سىرتقى تۇيغۇ، ئىچكى تۇيغۇ دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، سىرتقى تۇيغۇ: سىرتقى غىدىقلىغۇچىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، كۆرۈش تۇيغۇسى، ئاڭلاش تۇيغۇسى، پۇراش تۇيغۇسى، تەم تۇيغۇسى، تېرە تۇيغۇسى سىرتقى تۇيغۇغا مەنسۇپ. كۆرۈش تۇيغۇسى كۆرگىلى بولىدىغان نۇر دولقۇنىنىڭ كۆرۈش ئانالىز ئەزالىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ھاسىل بولىدۇ. كىشىلەر قوبۇل قىلىدىغان ئۇچۇرلارنىڭ 80% تىن ئوشۇقراقى كۆرۈش تۇيغۇسى ئارقىلىق ئېرىشىلىدۇ. شۇڭا كۆرۈش تۇيغۇسى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاڭلاش تۇيغۇسى ئاۋاز دولقۇنىنىڭ ئاڭلاش ئانالىز ئەزاسىغا تەسىر قىلىشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. كىشىلەر قوبۇل قىلىدىغان ئۇچۇرلارنىڭ 10% تىن ئوشۇقراقى ئاڭلاش تۇيغۇسى ئارقىلىق ئېرىشىلىدۇ. پۇراش تۇيغۇسى پۇراقلىق تارقىلىشچان ماددا زەررىچىلىرىنىڭ پۇراش ئانالىز ئەزالىرىغا تەسىر قىلىشى، تەم تۇيغۇسى سۇ ياكى شۆلگەيدە ئېرىيدىغان تەملىك خىمىيىلىك ماددىلارنىڭ تەم ئانالىز ئەزالىرىغا تەسىر قىلىشى بىلەن، تېرە تۇيغۇسى جىسىمنىڭ مېخانىكىلىق، ئىسسىقلىق، ئېلېكترلىك خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئەتراپ سېزىم قوبۇل قىلىش ئانالىز ئەزالىرىغا تەسىر قىلىشى بىلەن تۇغۇلىدۇ. بۇنداق ماددىي تەسىر بولمىسا، تۇيغۇنىڭ ھاسىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىچكى تۇيغۇ — ھەرىكەت تۇيغۇسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ئەزا مۇسكۇللىرى ھەرىكەت قىلغاندا، ھەرىكەت ئانالىز ئەزاسىغا تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن باش، پۇت، قول، تىل كۆز ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۇيغۇ — ئىچكى تۇيغۇ دېيىلىدۇ. تەڭپۇڭلۇق تۇيغۇسى باشنىڭ ئورنى ۋە ھەرىكەتنىڭ سۈرئىتى تەڭپۇڭلۇق ئانالىز ئەزاسىغا تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەزالارنىڭ ئورنى، ھەرىكەت سۈرئىتى، زىيادە ئېغىرلىق،

ئېغىرلىقنى يوقىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ھاسىل بولغان تۇيغۇدىن ئىبارەت. ئىچكى ئەزالار تۇيغۇسى بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەزالارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئۆزگىرىشىنىڭ ئىچكى ئانالىز ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن ھاسىل بولغان تويۇش، ئاچلىق، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، تاھارەت قىلىش، ئاغرىش تۇيغۇسىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدىكى سەككىز خىل تۇيغۇنىڭ غىدىقلىغۇچىسى بارلىق ھەرىكەت شەكىللىرى (مېخانىكىلىق، فىزىكىلىق، خىمىيىلىك، بىئولوگىيىلىك، ئىجتىمائىي) نى، ماددىي ھەرىكەتنىڭ بارلىق شەكىللىرىدىن ھاسىل بولغان ھەممە ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمەلىيەت جەريانىدا، كۆزىتىش ئارقىلىق ئالدى بىلەن تۇيغۇ ھاسىل بولىدۇ. تۇيغۇ ئۆزىنىڭ چەكلىمىلىكلىرىگە قارىماي، ئىلىم - پەننىڭ ئۇندۇرمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئىختىساسلىقلارنىڭ، ئالىملارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئەنە شۇ ئۇندۇرمىدىن باشلىنىدۇ. ئەگەر بۇ نۇقتىغا سەل قارىلىدىغان بولسا ئىلىم - پەن ئۆزىنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. ئالىملارنىڭ، شۇنىڭدەك گالىلى، تاۋخۇڭجىڭ، پاۋلوۋ قاتارلىقلارنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى كۆزىتىش بىلەن باغلانغان، بىسا چىركاۋدا چىركاۋنىڭ يان تەرىپىدىن كىرگەن شامالنىڭ تەسىرى بىلەن چىركاۋنىڭ ئوتتۇرىدىكى چىراقنىڭ پولاڭلىغانلىقى گالىلى كەشىپ قىلغان «تەۋرىنىش ۋاقتىنىڭ تەڭپۇڭلۇق قانۇنى» نىڭ بىخى سۈپىتىدە، ھايۋانلارنىڭ ئاغزى ئوزۇقتا تەككەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دەرھال شۆلگەي ئىشلەپچىقىرىشى پاۋلوۋ كەشىپ قىلغان رېفلېكسلىق تەلىماتنىڭ بىخى سۈپىتىدە، گولو ھەرىسىنىڭ ئۆگىسىنى كوچىلاپ ئىنچىكە كۆزىتىش، تاۋخۇڭجىڭنىڭ خاتا قاراشىنى رەت قىلىپ، ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى سۈپىتىدە ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆرۈش تۇيغۇسىدا ئەكس ئەتكەن. دېھقانلارنىڭ «كالاچىچىكى بىلەن ئاغرىغان كىشىلەر يەنە چېچەك كېسىلىگە گىرىپتار بولمايدۇ» دېگەنلىكى جېننېرنىڭ چېچەك ئەملەش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىشىغا، بىر كىشىنىڭ بىر پارچە كۆپۈنكە ئەينەك بىلەن يەنە بىر پارچە پىتىنكا ئەينەكنى جۈپلەپ نەرسىلەرنى يوغان كۆرسىتىدىغان ئەينەك ياسىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر لېئوۋېنخوكنىڭ مىكروسكوپ ياساپ مىكروپنى ئۇچرىتىشىغا تۈرتكە بولغان. تۇيغۇنىڭ باشقا تۈرلىرى توغرىسىدىمۇ يۇقىرىقىدەك مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

### (2) تۇيغۇنىڭ قانۇنىيەتلىكى

① سېزىمچانلىق — سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ئۆزىگە ماس كېلىدىغان غىدىقلىغۇچىغا بولغان تۇيغۇ ئىقتىدارىدىن ئىبارەت. تۇيغۇ ئىقتىدارى تۇيغۇ چېكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ يەردە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. بىرىنچى، مۇتلەق سېزىمچانلىق ۋە نىسپىي سېزىمچانلىق چېكى. ئىككىنچى، پەرقلىق سېزىمچانلىق ۋە پەرقلىق سېزىمچانلىق چېكى. ئۈچىنچى، ئەمەلىيەت ۋە مەشىقنىڭ سېزىمچانلىقنى ئاشۇرۇش جەھەتتىكى رولى.

بىرىنچى. دەسلەپتە ئەڭ كىچىك غىدىقلىغۇچىنى سېزەلەيدىغان تۇيغۇ ئىقتىدارى مۇتلەق سېزىمچانلىق دېيىلىدۇ. مۇتلەق سېزىمچانلىقنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى مۇتلەقلىق چېكىنىڭ قىممىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. مۇتلەق سېزىمچانلىق چېكىنىڭ قىممىتى قانچە كىچىك بولسا، سېزىمچانلىق شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

ئىككىنچى، پەرقلىق سېزىمچانلىق بىلەن

پەرقلىق سېزىمچانلىق چېكى. پەرقلىق سېزىمچانلىق بىر خىلدىكى غىدىقلىغۇچىنىڭ ئەڭ كىچىك پەرقلىق مىقدارىنى سېزەلەيدىغان تۇيغۇ ئىقتىدارىدىن ئىبارەت. دەسلەپتە سېزىلگەن ئوخشاش ئىككى غىدىقلىغۇچىنىڭ ئەڭ كىچىك پەرق مىقدارى پەرقلىق سېزىمچانلىق چېكى دېيىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ پەرقلىق سېزىمچانلىق چېكى قانچە زور بولسا، پەرقلىق سېزىمچانلىق شۇنچە زور بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەمەلىيەت ۋە مەشىق سېزىمچانلىقنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. كىشىلەرنىڭ سېزىمچانلىقنى ئاشۇرۇش ناھايىتى زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. ئەمەلىيەت ۋە مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە بولىدۇ. چېچەن رازۋېدچىك-لارنىڭ نەق مەيداندىكى ماددىي پاكىتقا ئالاقىدار نەرسىلەر ئۈستىدىكى كۆرۈش، پۇراش، تېتىش، ئاڭلاش، تۇيغۇسى كۈچلۈك، سېزىمچانلىقى ئۈستۈن بولىدۇ. شۇڭا جىنايەتچى قانچە ھىيلىگەر بولسىمۇ، رازۋېدچىكنىڭ ئالقىنىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. تۇيغۇ ئىقتىدارى كەمتۈك كىشىلەر ئەمەلىيەت جەريانىدا مەشىق قىلىش ئارقىلىق باشقا تۇيغۇ ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كەمتۈكلۈكىنى تولۇقلايدۇ. ئەما كىشىلەر قولاق ۋە بۇرۇننى كۆرۈش ئورنىدا، گاس كىشىلەر كۆرۈشنى ئاڭلاش ئورنىدا ئىشلىتىدۇ.

② تۇيغۇنىڭ ماسلىشىشچانلىقى. غىدىقلىغۇچىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا داۋاملىق تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن سېزىمچانلىق ئاشىدىغان ياكى تۆۋەنلەيدىغان ئۆزگىرىش ھادىسىسى تۇيغۇ ماسلىقى دېيىلىدۇ. كىشىلەر سېزىمچانلىق ئۆزگىرىشكە تايىنىپ، ئوبيېكتىپ مۇھىتتىكى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىدۇ.

③ تۇيغۇ سىڭىشتۈرمىسى. بىر خىل سەزگۈ ئەزاسىنىڭ ئوخشىمىغان غىدىقلىنىشىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن يۈز بەرگەن سېزىمچانلىق جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ھادىسىسى تۇيغۇ سىڭىشتۈرمىسى دېيىلىدۇ. ئۇ، ئوخشاش ۋاقىتتىكى تۇيغۇ سىڭىشتۈرمىسى ۋە ئىلگىرى-كېيىنلىك تۇيغۇ سىڭىشتۈرمىسى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. تۇيغۇ سىڭىشتۈرمىسى كۈچەيتىلسە بىلىش قەدىمى تېزلىشىدۇ.

④ باغلانما تۇيغۇ. باغلانما تۇيغۇ- بىر خىل تۇيغۇنىڭ يەنە بىر خىل تۇيغۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان پسىخىك ھادىسىدىن ئىبارەت.

⑤ غىدىقلىغۇچىنىڭ سەزگۈ ئەزاسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى توختىغاندىن كېيىنمۇ تۇيغۇ دەرھال توختاپ قالمايدۇ. ئۇ يەنە ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ. بۇنداق ۋاقىتلىق ساقلىنىدىغان تۇيغۇ تەسىرى كېيىنكى تەسەۋۋۇر دېيىلىدۇ. كېيىنكى تەسەۋۋۇر نېرۋا ھاياجىنىنىڭ رولى بىلەن تۇغۇلۇپ، ھەر خىل تۇيغۇ ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئەمەلىيەت ۋە كۆزىتىش جەريانىدا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى پەقەت مەلۇم نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۇيغۇ - سېزىمچانلىق، ماسلىششچان-لىق، سىڭىشتۈرمىلىق، باغلانمىلىق، كېيىنكى تەسەۋۋۇرلۇق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. بۇ خۇسۇسىيەتلەر ھەممە كىشىگە نىسبەتەن ئورتاق. تۇيغۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرى تولۇق ھېسابقا ئېلىنسا، كۆزىتىش جەريانىدا ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان تۇيغۇ ماتېرىياللىرىنى دەل ۋە مۇللاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەت ۋە مەشىق قىلىش ئارقىلىق تۇيغۇ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ تۇيغۇ ئىقتىدارىنى ھەسسىلەپ

ئۇستۇرگىلى بولىدۇ. ئىختىساسلىقلارنىڭ، ئالىملارنىڭ تۇيغۇ ئىقتىدارى جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇكى مانا مۇشۇ يەردە.

3. ئىدرەك

ئىدرەك سەزگۈ ئەزالىرىغا بىۋاسىتە تەسىر قىلغان ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى پۈتۈنلۈك ئىنكاسىدىن ئىبارەت. ئىدرەك كۆپ خىل تۇيغۇلارنىڭ ھەمكارلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئىدرەك شەيئىلەرنىڭ ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، ھەرقايسى ئايرىم خۇسۇسىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ، مېڭىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى تەھلىل - ئومۇملاشتۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى. ئىدرەك جەريانىدا كىشىلەر ھامان ئۆز مېڭىسىدىكى ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تۇيغۇ ئۇچۇرلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۇنى شەيئىنىڭ نامى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ. ئىدرەك ئادەم مېڭىسىنىڭ يەتكۈزۈلگەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەر توغرىسىدىكى تۇيغۇ ئۇچۇرلىرىنى چۈشەندۈرۈش جەريانىدىن ئىبارەت.

كۆزىتىش، تۇيغۇ، ئىدرەك ئۆزئارا باغلانغان، شۇنداقلا ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. كۆزىتىش جەريانىدا تۇيغۇ، ئىدرەك شەكىللىنىدۇ. كۆزىتىشتىن ئايرىلغاندا تۇيغۇ، ئىدرەكنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس. كۆزىتىش داۋامىدا شەكىللەنگەن تۇيغۇ، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىدرەككە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا تۇيغۇ ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشتا تۇيغۇ بىلەن ئىدرەك بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. ئەمما تۇيغۇ بىلەن ئىدرەك ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. كىشىلەر رېئال تۇرمۇشتا ئىدرەك شەكلى بىلەن شەيئىلەرنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىدرەك تۇيغۇنىڭ ئاددىي يوسۇندىكى قوشۇپ قويۇلۇشى بولماستىن، كۆپ خىل تۇيغۇنىڭ ئورگانىك ھالدا ئومۇملىشىشىدىن ئىبارەت. ئىدرەك بىلىش جەريانىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا مەنسۇپ، ئۇ، ھېسسىي بىلىشنىڭ مۇھىم شەكىللىرىدىن بىرى. كىشىلەر توغرىسىدىكى ئىدرەك ئارقىلىق مىكرو جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى، مۇددىئاسى، پوزىتسىيىسى قاتارلىق تەرەپلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ. كۆزىتىش ئىدرەك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، شۇنىڭدەك ئۇ، ناھايىتى زور ئىزدىنىشچانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇ يەنە ئاكتىپ تەپەككۇر پائالىيىتى بىلەن زىچ باغلانغان. بۇ ئىككىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. شۇڭلاشقا كۆزىتىش تەپەككۇر ئىدرىكى دېيىلىدۇ. ئەمما كۆزىتىش ئىدرەككە باراۋەر ئەمەس. ئۇ بىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا باشتىن ئاخىر داۋاملىشىدۇ. بىلىش ۋە ئىشلەش ئۇنىڭسىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

1) ئىدرەكنىڭ تۈرى

(1) ئىدرەك — سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ئىدرەك جەريانىدا ئوينىغان يېتەكچىلىك رولىغا قاراپ، كۆرۈش ئىدرىكى، ئاڭلاش ئىدرىكى، پۇراش ئىدرىكى، تەم ئىدرىكى ۋە بەدەن ئىدرىكى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. ئىدرەك كۆپ خىل سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ بىرلەشكەن ھەرىكىتىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئەمما ئىككىدىن ئۇشۇق سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىدە ئىدرەك بىردەك يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ.

(2) ئىدرەك ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىغا قاراپ: ماكان ئىدرىكى، زامان ئىدرىكى، ھەرىكەت ئىدرىكى ۋە ئىجتىمائىي ئىدرەكلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى مەزمۇن قىلغان ئىدرەك ماكان، زامان، ھەرىكەت ۋە ئىجتىمائىيلىقنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇڭا ئىدرەك

شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى دەل ۋە ئەتراپلىق بىلىشكە تۈرتكە بولىدۇ.

(3) ئىجتىمائىي ئىدرەك. ئىجتىمائىي ئىدرەك شەخسلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدىكى باشقىلار، جەمئىيەت ۋە ئۆزى توغرىسىدىكى ئىدرەكتىن ئىبارەت. ئىجتىمائىي ئىدرەك - كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىدرەك بولۇپ، ئۇ، كىشىلەرنىڭ تاشقى بەلگىسى توغرىسىدىكى ئىدرىكى بولۇپلا قالماستىن، يەنە كىشىلەرنىڭ تاشقى بەلگىسى توغرىسىدىكى ئىدرىكى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىچكى مۇددىئاسى، قىزىقىشى، خاسلىقى، پسىخىك ھالىتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمدىن شەكىللىنىدىغان بىلىش، تەسىرات ۋە باھاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىدرەك تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، باشقىلار توغرىسىدىكى ئىدرەك. بۇ بولسا، شەخسلەرنىڭ ئىجتىمائىي باردى - كەلدى قىلىش جەريانىدا، باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىپ باشقىلارنىڭ تاشقى بەلگىسى ۋە ئىچكى بەلگىسىنى ئىگىلەش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. ئىككىنچى، كىشىلەر توغرىسىدىكى ئىدرەك. بۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا شەخسلەرنىڭ كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشى، ئۆزئارا تەسىرى توغرىسىدىكى ئىدرىكىدىن ئىبارەت. ئۇ روشەن كەيپىيات تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. ئۇ، يېقىنغا يېقىن، يىراققا يىراق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ئىدرەك بىر تەرەپتىن ئۆزى بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشنىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن باشقىلار بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشنىڭ رولى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. كىشىلەر مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئىدرەككە نىسبەتەن، ئوبيېكتىپ تەرەپتىن كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزىگە بولغان تەسىرى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت تۇغۇلغان ۋاقىتتىكى ھالەت، ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى، سۇبيېكتىپ تەرەپتىن ئىدىيىۋى ئۇسۇل تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى، ئۆزى توغرىسىدىكى ئىدرەك. بۇ بولسا شەخسلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدىكى ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ۋە پسىخىك پائالىيىتى توغرىسىدىكى ئىدرىكىدىن ئىبارەت. ئىدرەكنىڭ بۇ تۈردە شەخسلەر ھەم كۆزەتكۈچى ھەم كۆزىتىلگۈچى بولۇپ نامايان قىلىنغاچقا، ئۇ، شەخسلەرنىڭ باشقىلارنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆز - ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. تۆتىنچى، ئىجتىمائىي رول ئىدرىكى. ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا شەخسلەرنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، سالاھىيىتى ۋە ھەرىكىتىنىڭ قېلىپلاشقانلىقى توغرىسىدىكى ئىدرەكتىن ئىبارەت. ئۇ ئىجتىمائىي ھەرىكەتنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى.

ئادەم يەككە ئەمەس ئىجتىمائىي يوسۇندا، ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر بىلەن باغلانغان ھالدا ياشايدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت - ئىقتىسادىي، سىياسىي، قانۇنىي، ئىلىم - پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، ئىدىيە - ئەخلاق، ئائىلە مۇناسىۋىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلەرگە چېتىلىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەر بىلەن باغلانغان. بۇ خىل مۇناسىۋەت ۋە بۇ مۇناسىۋەتلەردە نامايان بولغان ھەر خىل خۇسۇسىيەتلەر، ئەمەلىيەت جەريانىدا كۆزىتىش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى لازىم. ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىش پائالىيىتى ھەم تەبىئەت دۇنياسىنى ھەم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى

ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئىككى خىل ئۆزگەرتىش بىر - بىرى بىلەن باغلانغان، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دۇنيانى ئۆزگەرتىش پائالىيىتى ئەمەلىيەت جەريانىدا باشتىن ئاخىر داۋاملىشىدىغان كۆزىتىشكە مۇھتاج. ئىلىم - پەن بىلەن ئەلنى ۋە مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش، مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن باشقىلارنى، جەمئىيەتنى ۋە ئۆزىنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ ئىدرەك شەكلى بىلەن دەل ۋە ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ ئۆز ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

ئىجتىمائىي ئىدرەكتە كۆرۈلىدىغان تۆت خىل خائىش. بىرىنچى، تەسىرات. ناتونۇش كىشى بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە قالغان تەسىرات. دەسلەپكى تەسىرات روشەن، چوڭقۇر، مۇستەھكەم بولىدۇ. ئۇ، كېيىنكى باردى - كەلدى مۇناسىۋەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. دەسلەپكى تەسىرات ياخشى بولسا، ئۇ كىشىگە يېقىنلىشىدۇ، دەسلەپكى تەسىرات ياخشى بولمىسا، ئۇ كىشىدىن يىراقلىشىدۇ. شۇڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى دەسلەپكى تەسىراتنى كىشىلەر توغرىسىدىكى ئىدرەكنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك، ئۇنى ھەرگىز ئاخىرقى نۇقتا قىلىۋالماسلىق لازىم. ئىككىنچى، ئېغىشقان تەسىر. كىشىلەرنىڭ بەزى پەزىلىتى ۋە بەلگىسى توغرىسىدا شەكىللىنىپ بولغان تەسىرات ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ باشقا پەزىلەت بەلگىلىرىنى يېپىپ كېتىدىغان ئىدرەك نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل ئىدرەك نەتىجىسىدە بىر كىشىنى ياخشى دېسە، پۈتۈنلەي ياخشى، بىر تۇتام «قىپقىزىل گۈل» دەيدىغان، يامان دېسە، پۈتۈنلەي يامان، بىر پارچە «قاپقارا جاڭگال» دەيدىغان خاتا خاھىش كېلىپ چىقىدۇ. ئۈچىنچى، قاتمال تەسىر . ، بۇ جەمئىيەتتىكى ھەر خىل كىشىلەر توغرىسىدا مۇقىملىشىپ قالغان ناتوغرا قاراشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ خىل ئىدرەك كىشىلەرنىڭ بىلىشىگە نىسبەتەن ئېغىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تۆتىنچى، يېقىنقى تەسىر. ئۇ كىشىلەردىكى يېقىنقى ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن ھاسىل بولغان، بۇرۇنقى تەسىرلەرنى ئىنكار قىلىدىغان ئىدرەكتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئىدرەك كىشىلەرنىڭ ئۆتمۈشى ھەم ھازىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى دەل ۋە ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان، ئىدرەكتە كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان يۇقىرىقىدەك تۆت خىل ئېغىشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ساقلىنىش لازىم. بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلمىغاندا ئىختىساسلىقلار ۋە ئالىملارنىڭ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشى، ج خ، ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ پاكىتنى ئاساس قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

2) ئىدرەكنىڭ قانۇنىيەتلىكى

(1) ئىدرەكنىڭ تاللاشچانلىقى. ئىدرەكنىڭ تاللاشچانلىقى ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىدىن تېزلىك بىلەن ئىدرەك ئوبيېكتىنى تاللاشتىن ئىبارەت. ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق غىدىقلىغۇچىنى ئۆزىنىڭ ئىدرەك ئوبيېكتى قىلىپ تاللىغانلىقى ھەم ئۇنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىدرەك ئوبيېكتى بىلەن ئارقا كۆرۈنۈش نىسپىي يوسۇندا ئۆز ئارا ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئىدرەك ئوبيېكتىنىڭ تاللىنىشىغا بۇنداق ئىككى ئامىل تەسىر كۆرسىتىدۇ: بىرى ئىدرەك ئوبيېكتى قىلىپ تاللىنىدىغان غىدىقلىغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى، غىدىقلىغۇچىنىڭ كۈچلۈكلىكى، ماكاندىكى ئارىلىقىنىڭ يېقىنلىقى، داۋاملىشىشچانلىقى، ئوخشاشلىقىدىن ئىبارەت. يەنە بىرى، ئىدرەك قىلغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئامىلى، يەنى ئىدرەك قىلغۇچىنىڭ ئېھتىياجى،

ئارزۇسى، مەقسىتى، قىزىقىشى، ھەۋەسى، بىلىم تەجرىبىسى قاتارلىق ئىدرەك ئوبيېكتىنى تاللاشنىڭ مۇھىم شەرتى بولۇپ، تاللاش ئوبيېكتىنىڭ.غىدىقلىنىشىغا نىسبەتەن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئالىم زۇچۇڭجىنىڭ ئاسمان جىسىملىرىنى، لى داۋيۈەنىڭ سۇنى كۆزىتىش ئوبيېكتى قىلىپ تاللىغانلىقى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئوبيېكتىپ ئامىلنىڭ كۈچلۈك غىدىقلىشى ۋە سۇبيېكتىپ ئامىلنىڭ تاللىنىدىغان ئوبيېكتىنىڭ غىدىقلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولغانلىقى بىلەن باغلانغان.

(2) ئىدرەكنىڭ پۈتۈنلۈكى. ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئوخشىمىغان قىسىملاردىن تەركىب تاپقان، كۆپ خىل خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئىدرەك بولسا، شەيئىلەرنى بىرلىككە كەلگەن، پۈتۈنلۈك نۇقتىسىدىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى، بىرى ئوبيېكتىپ شەيئىلەر كىشىلەرگە نىسبەتەن بىرىكمە غىدىقلىغۇچى سۈپىتىدە تەسىر قىلىدۇ. يەنە بىرى، ئوبيېكتىپ شەيئى توغرىسىدىكى ئىدرەككە بۇرۇنقى تەجرىبىلەرمۇ قاتنىشىدۇ. ئەنگلىيىلىك ئېۋېنىسنىڭ قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ زەنجىر ئايلاندۇرۇپ سۇ چىقىرىپ يەر سۇغىرىشىدىن پايدىلىنىپ، ئۈگۈت يەتكۈزۈش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىش جەريانى ئىدرەكنىڭ شەيئىلەرنى پۈتۈنلۈك نۇقتىسىدىن ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

(3) ئىدرەكنىڭ چۈشىنىشچانلىقى. ئىلگىرىكى تەجرىبىلەردىن پايدىلىنىپ ئىدرەك قىلغان شەيئىنى «پىششىقلاپ ئىشلەپ» تىل ئارقىلىق ئىچىپ بېرىدىغان خۇسۇسىيەت ئىدرەكنىڭ چۈشىنىشچانلىقى دېيىلىدۇ. تىلنىڭ ئەسلىتىلىشى بىلەن ئىلگىرىكى بىلىم، تەجرىبىلەر قوزغىتىلىپ، بىلىمنىڭ مەزمۇنى تولۇقلىنىپ، ئىدرەكنىڭ چۈشىنىشچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئەنگلىيىلىك فىرىك جوئۇلنىڭ ئۆتكەزگۈچتىن توك ئۆتكەندە ئۆتكەزگۈچنىڭ قىزىيدىغانلىق ھادىسىسىنى ئېنىقلىغانلىقى مۇشۇ خۇسۇسىيەتنىڭ ئىپادىسى.

(4) ئىدرەكنىڭ داۋاملىششچانلىقى. ئىدرەك جەريانىغا بىلىم، تەجرىبە قاتناشقانلىقتىن، گەرچە ئىدرەكنىڭ فىزىكىلىق شەرتلىرىدە ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، ئىدرەك يەنىلا ئۆزىنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىنى ۋە ئۆز ھالىتىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقى ئىدرەكنىڭ داۋاملىششچانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئىلگىرىكى تەجرىبە ھازىرقى ئىدرەككە نىسبەتەن تۈزىتىش رولىنى ئوينايدۇ. كوپېرنىكتىن كېيىنكى كۆزىتىش قوراللىرى، كۆزىتىش ئۇسۇلىدا ئانچە ئۆزگىرىش بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئالدىنقى 50 يىلدا تۈزۈلگەن پىلانېتلار، قويرۇقلۇق يۇلتۇزلار ۋە قۇياش دېغى بايقالدى. ئېلىمىزنىڭ ئاسترونوملىرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 28 - يىلى قۇياشتىكى قارا داغنى بايقىغان، بۇ بولسا، ئىدرەكنىڭ داۋاملىششچانلىقىنىڭ بەلگىسى. ئىدرەككە خاس تاللاشچانلىق، پۈتۈنلۈك، چۈشىنىشچانلىق، داۋاملىششچانلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەش ۋە ئۇنى نەزەردە تۇتۇش شەيئىلەرنى دەل، ئەتراپلىق ئىگىلەشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆزىتىش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا نىسبەتەن ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

3) ئەندىزە (قورۇلما) نى پەرق ئېتىش

ئىدرەك جەريانىغا ئىلگىرىكى بىلىم، تەجرىبىلەرمۇ قاتنىشىدۇ. ئەندىزە مۇئەييەن قۇرۇلمىغا ئىگە ئوبيېكتىپ شەيئى. ئەندىزىنى پەرقلەندۈرۈش ھازىر قوبۇل قىلىنغان ئۇچۇرلار

بىلەن ئىلگىرى ساقلانغان ئۇچۇرلارنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، مۇئەييەن غىدىقلىغۇچى (قوزغاتقۇچى) نىڭ قايسى كاتېگورىيىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئەندىزىنى پەرق ئېتىش ـ تەھلىل باسقۇچى، سىپلىشتۇرۇش باسقۇچى، تەدبىر بەلگىلەش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەندىزىنى پەرق ئېتىش ـ ئوبيېكتىپ دۇنيانى توغرا بىلىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش، ئۇنىڭغا ماسلىشىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئامېرىكىلىق ئاكا ـ ئۇكا رايىتلار لاچىننىڭ قانىتىغا تەقلىد قىلىپ ئارقا چېتىدىن پوكلىنىدىغان قانات ياساپ، ئايروپىلاننىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىيالايدىغان قىلغان. ئامېرىكىلىق بىل قۇلاقنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسى شەكىللەندۈرگەن ئاڭلاش رولىنى نەزەردە تۇتۇپ تېلېفون ياسىغان، ئەگەر قوزغاتقۇچى تەمىنلىگەن ئۇچۇرغا نىسبەتەن پەرق ئېتىش خاتا بولغان بولسا، دۇنيانى بىلىش، ئۆزگەرتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. ئەندىزىنى پەرق ئېتىش توغرىسىدىكى تەتقىقات سۈنئىي ئەقىلنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ⅩⅩ ئەسىردە ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ روسېل فىرىندىشى خىتېفاد بىلەن بىللە ئالدىنقىلارنىڭ خىزمىتى ئاساسىدا ماتېماتىك لوگىكىنى ئوتتۇرىغا قويغاندى، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى مۇشۇ ئاساستا مەيدانغا كەلگەن، «ئېلېكترونلۇق مېڭە» نىڭ قۇرۇلمىسى ئادەمنىڭ سەزگۈ ئەزاسى، ئەستە قالدۇرۇش ئەزاسى، تەپەككۇر ئەزاسى ھەمدە مۇھىتقا بولغان ئىنكاسىغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان.

4) خاتا ئىدرەك ۋە خىيال

(1) خاتا ئىدرەك. خاتا ئىدرەك ناھايىتى ئومۇمىي بولغان پسىخىك ھادىسە. خاتا ئىدرەك ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئالاھىدە شارائىتتا چوقۇم يۈز بېرىدىغان مۇئەييەن مۇقىم خائىشى توغرىسىدىكى بۇرمىلانغان ئىدرەكتىن ئىبارەت. خاتا ئىدرەك كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە ئەمەلىيىتىگە نىسبەتەن بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك ۋە زىيان ـ زەخمەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. 1866 ـ يىلى گېرمانىيە تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىچىسى بىئولوگ ھېككىل چوڭقۇر دېڭىز قاتلىمىدىكى لاتقىنى مىكروسكوپ ئارقىلىق كۆزىتىپ، ئىسپىرت بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق «ئىپتىدائىي ھاياتلىق ئورگانىزمىنى ئۇچراتتىم» دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۇچراتقىنى «ئىپتىدائىي ھاياتلىق ئورگانىزمى» بولماستىن، دېڭىز سۈيىدىكى كالتسىي سۇلفاتنىڭ ئىسپىرت تەسىرى بىلەن شەكىللەنگەن كوللوئىدى ئىدى.

خاتا ئىدرەكنىڭ تۈرلىرى كۆپ، خاتا كۆرۈش ئىدرىكى، خاتا ئاڭلاش ئىدرىكى قاتارلىقلار خاتا ئىدرەكنىڭ ئىپادىسى. خاتا كۆرۈش ئىدرىكى خاتا ئىدرەك ئىچىدە كۆپرەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئىدرەكنىڭ باشقا تۈرلىرىدىمۇ خاتالىقتىن خالىي بولۇش قىيىن. مەسىلەن، خاتا ئېغىرلىق ئىدرىكى، خاتا ھەرىكەت ئىدرىكى، خاتا ۋاقىت ئىدرىكى، خاتا ئورۇن ئىدرىكى دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئادەتتە «يۈز قېتىم ئاڭلىغاندىن بىر قېتىم كۆرگەن ئەلا» دېگەن سۆزنى كۆپ ئىشلىتىمىز. لېكىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، ئاڭلىغان، كۆرگەن بىلەنمۇ ئوخشاشلا خاتالىق يۈز بېرىدۇ. خاتا ئىدرەك نېمە ئۈچۈن يۈز بېرىدۇ؟

بىرىنچى، ئىدرەكنىڭ يېڭى مەزمۇنىنى ئېتىراپ قىلماسلىق. شەيئىلەر ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەت تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن

ئىدرەكتىمۇ يېڭى مەزمۇنلار ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئەمما بەزى كىشىلەر ئىلگىرىكى تەجرىبىگە ئېسىلىۋېلىپ ئىدرەكنىڭ يېڭى مەزمۇننى ئىنكار قىلىدۇ. نەتىجىدە ئىدرەك جەھەتتىكى خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ. مەشھۇر ماتېماتىك پوئاسسون ھېسابلاش ئارقىلىق فىرانسىيىلىك فىزىك فېرېنېل ئوتتۇرىغا قويغان نۇرنىڭ دولقۇنلۇق نەزەرىيىسىنى بىمەنىلىك دەپ ھېسابلىغان ئىدى، لېكىن ماكسۋېل ۋە ھېرتس دولقۇنلۇق نەزەرىيىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئىككىنچى، ھازىرقى ئىدرەك بىلەن ئىلگىرىكى تەجرىبە ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كۆرۈلگەندە خاتا يەكۈن چىقىرىش. ئېلېمېنتلار دەۋر قىلىش قانۇنىنى كەشىپ قىلىپ، يادرو فىزىكىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا تۆرتكە بولغان مېندېلېيېۋ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئاتوم پارچىلانمايدۇ، دەپ خاتا يەكۈن چىقارغانىدى. ئاتوم يادرو فىزىكىسى ئۇ خىل قاراشنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۈچىنچى، سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ رولىدىكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن خاتالىق سادىر بولىدۇ. مەسىلەن، نۇر ھەرىكىتى تەجرىبە ئىشلىگۈچىنىڭ ئىنكاس ۋاقتىدىن كۆپ قىسقا، شۇڭا گالىلىنىڭ يورۇقلۇق تېزلىكىنى ئۆلچەپ چىقىشى مەغلۇپ بولغانىدى. بۇنىڭدىن سىرت يەنە شەيئىلەر ماھىيەت بىلەن ھادىسىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى بەزىدە راست ھادىسە ئارقىلىق، يەنە بەزىدە يالغان ھادىسە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئىدرەكتە يالغان ھادىسىمۇ ئەكس ئېتىدۇ، نەتىجىدە خاتا ئىدرەك كېلىپ چىقىدۇ.

ئەمەلىي كۆزىتىش جەريانىدا ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ خاتا ئىدرەكنى پەرق ئېتىش لازىم. خاتا ئىدرەكنى پەرق ئېتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ئەمەلىيەت جەريانىدا سىناقتىن ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت. رېئال تۇرمۇشتا خاتا ئىدرەكنى زېرەكلىك بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ج خ، ئەدلىيە خادىملىرى جىنايەتچىلەرنىڭ نىقابلىرىنى ئېچىپ تاشلاشقا ماھىر بولۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن خاتا ئىدرەكتىن پايدىلىنىپ جىنايەتچىلەرنى تورغا چۈشۈرۈشكە دىققەت قىلىشى كېرەك.

(2) خىيال — ئوبيېكتىپ شەيئىلەر سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر قىلمىغان ئەھۋالدا نامايان بولغان بىر خىل خىيالىي ئىدرەكتىن ئىبارەت. خىيال خاتا ئىدرەكتىن پەرقلىنىدۇ. خاتا ئىدرەك ئىنكاسنىڭ ئىپادىسى، خىيال بولسا، كىشىلەرنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرىنىڭ ئىپادىسى. خىيالىي ئىدرەكنىڭ تۈرى كۆپ. خىيالىي ئاۋاز، خىيالىي كۆرۈش، خىيالىي تەم، خىيالىي پۇراق قاتارلىقلار خىيالىي ئىدرەكنىڭ ئوخشىمىغان ئىپادىلىرىدۇر.

### 4. كۆزىتىشنىڭ رولى

كۆزىتىش - مۇرەككەپ پسىخىك پائالىيەتنىڭ ئاساسى، نورمال پسىخىك پائالىيەتنىڭ زۆرۈر شەرتى، بىلىش پائالىيىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ مۇھىم يولى. كۆزىتىش ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى، ئىلمىي ئىجادىيەتنىڭ نېگىزلىك شەرتى، كۆزىتىش دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىم قورالى.

(1) كۆزىتىش ئىنسانلار ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى.

(2) كۆزىتىش بىلىشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى. ئىلىم - پەننى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ۋە

تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسىي يولى.

(3) ھەر خىل كۆزىتىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە زۆرۈر پەن - تېخنىكا شارائىتى كۆزىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئىلىم - پەن ئىجادىيىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

(4) پايدىلىق پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى ھادىسىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش ئىلىم - پەن ئىجادىيىتىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتكە تۈرتكە بولىدۇ.

(5) كۆزىتىش ئىلىم - پەن نەزەرىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسى.

(6) كۆزىتىش ئىلىم - پەن تەجرىبىسىنى يىپ - ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

(7) كۆزىتىش ھەقىقەتنە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ مۇھىم شەرتى.

(8) ساغلام كۆزىتىش ئىقتىدارى ئىجادىيەتكە باي كىشىلەرنىڭ مۇھىم پىسخىك بەلگىسى.

5. تىرىشىپ ساغلام كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك

كۆزىتىش مەقسىتىنىڭ ئېنىق بولۇش - بولماسلىقى، قىزىقىشىنىڭ كۈچلۈك بولۇش - بولماسلىقى، تەپەككۇر ۋە تىلىنىڭ قاتناشقان قاتناشمىغانلىقى، كەيپىنىڭ خۇشال - خورام بولغان - بولمىغانلىقى، خاتا تۇيغۇ، ئىدرەكنىڭ قىستۇرۇلۇپ قالغان - قالمىغانلىقى كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ، كۆزىتىش ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا كۆزىتىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، ساغلام كۆزىتىش ئىتقدارىنى بەرپا قىلىپ، ساغلام بولمىغان كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنى ساغلام كۆزىتىش تەلىپى بويىچە كۆزىتىش كېرەك. كۆزىتىشنىڭ ئوبيېكتىپلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، سۇبيېكتىپلىقنى چەكلەش؛ كۆزىتىشنىڭ ئەتراپلىق بولۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىش؛ كۆزىتىشنىڭ دەللىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇزەلىكتىن، خاتا تۇيغۇ، خاتا ئىدرەكتىن ھەزەر ئەيلەش؛ كۆزىتىشنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى مەسىلىلەر، يېڭى ھادىسىلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، ئەزمىلىك، ھاڭۋاقتىلىق قىلىپ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش؛ كۆزىتىشنىڭ چىنلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقەتنى قوغداپ خاتانى دادىللىق بىلەن رەت قىلىش، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، خوراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، قاتماللىقنى بۇزۇپ تاشلاش لازىم.

(1) كۆزىتىش مەقسەتلىك، پىلانلىق، تاللانغان بولۇش كېرەك، كۆزىتىشنىڭ مەركىزى، دائىرىسى، كۆزىتىلىدىغان تەرەپلەر ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇش لازىم. قىزىقىش كۈچلۈك، دىققەت مەركەزلەشكەن، كەيپىيات مۇقىم، ھېسسىيات قايناق، ئىرادە جاسارەت بىلەن تولغان بولۇش كېرەك. كۆزىتىش ئوبيېكتىغا دائىر بىلىملەر پۇختا ئىگىلەنگەن، زۆرۈر ماھارەت ئۆستىلىق بىلەن ئىشقا سېلىنغان بولۇش لازىم. مەنىۋى جەھەتتىكى بۇ ئامىللار ئومۇملىشىپ كۆزىتىش تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىش پائالىيىتى ئاڭلىق پائالىيەت. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەپكە نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىلىم - پەن پائالىيىتى ئاڭلىق پائالىيەتنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، ئىختىساسلىقلار، ئالىملارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى جەريانىدىكى كۆزىتىشى ناھايىتى ئېنىق مەقسەت، پىلان ۋە تاللاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. نيۇتوننىڭ ھەرىكەت ۋە نۇر ئۆستىدىكى، دالتوننىڭ ئاتوم

ئۇستىدىكى. ئېينشتېيننىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقان ماددىنىڭ ماكان، زامان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇستىدىكى، ۋىليامسىنىڭ تۇپراق ئۇستىدىكى، چېن فونىڭ دېھقانچىلىق ئۇستىدىكى، چېن خۇاڭنىڭ خۇاڭخېنى تىزگىنلەش ئۇستىدىكى، خالمۇرات غوپۇرنىڭ جۇڭگوچە، غەربچە ۋە ئۇيغۇرچە داۋالاشنى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇش ئۇستىدىكى جاپالىق، ئۆتكۈر، ئىنچىكە كۆزىتىشلىرى ئېنىق مەقسەت، پۇختا پىلان، تەمكىن تاللاش بىلەن داۋاملاشقان.

(2) كۆزىتىلىدىغان ئوبيېكتكە مۇناسىۋەتلىك بىلىم ۋە ماھارەتلەرنى ئەتراپلىق ۋە پۇختا ئىگىلەش لازىم. كۆزىتىش ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. كۆزىتىش ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن چەتلەشسە تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ. ئېلىمىز ئالىملىرىدىن جاڭ جوڭجىڭ، سۇن سىمياۋ قاتارلىقلار تىبابەتچىلىككە ئائىت قەدىمكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقىپ ۋە خەلق ئارىسىدىكى رېتسىپلارنى ئەستايىدىل توپلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە ئىجادىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئاسترونوم جاڭ سۇي جاھانكەزدى راھىپ بولۇۋېلىپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم يوللارنى پىيادە بېسىپ نۇرغۇن جايلارغا بېرىپ قېتىرقىنىپ ماتېماتىكا ئۆگەنگەن. مەشھۇر ئالىم لى شىجېن دورىگەرلىك كىتابلىرىدىكى خاتالىقلارنى ئەمەلىي يوسۇندا كۆزىتىش ئارقىلىق تۈزىتىش ئۈچۈن دورىگەرلىككە ئائىت 800 خىلدىن ئارتۇق كىتابلارنى ئوقۇپ چىققان. مەشھۇر جۇغراپىيە شۇناس لى داۋيۈەن ئەمەلىي كۆزىتىش ئارقىلىق جۇغراپىيە توغرىسىدىكى كىتابلاردا خاتا يېزىلغان ياكى كۆزىتىش زۆرۈر بولۇپ قالغان مەسىلىلەرنى تۈغرىلاش ئۈچۈن جۇغراپىيىگە ئائىت بارلىق كىتاب، ھۆججەت، خەرىتە، يادىكارلىقلار-نى كۆرۈپ چىققان. «ئالما ئاستىدا سايىداۋاتقان نيۇتون ئالمىنىڭ شېخىدىن ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپلا، ئالەمنىڭ تارتىش قانۇنىيىتىنى كەشىپ قىلغان» دېگەن بۇ سۆز نيۇتوننىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس. نيۇتون ئۆز ھاياتىنى ئىلىم - پەن ئىجادىيىتىگە بېغىشلىغان بولۇپ، ھەتتا ئۇ، ئالما شېخىدىن ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئالما سايىسىدا سايىداۋاتقاندىمۇ، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ ئىگىلىگەن بىلىمى ۋە ئىنچىكە كۆزىتىشكە ئاساسەن جىسىمنىڭ ۋە يەر شارىنىڭ ھەرىكىتى توغرىسىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىزدىنىۋاتاتتى. ئالمىنىڭ ئۈزۈلۈپ چۈشۈشى ئۇنىڭ ئىزدىنىشىگە قوشۇلۇپ ئىجادىي يەكۈن ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگەن، شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەگەر كىشىلەرنىڭ كۆزىتىلىدىغان شەيئىلەر توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بىلىملىرى ئوخشاش بولمىسا، ئوخشاش بىر شەيئى توغرىسىدىكى كۆزىتىش نەتىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. دېمەك، مۇئەييەن شەيئى توغرىسىدىكى كۆزىتىشنى نەتىجىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن شۇ شەيئىگە ئالاقىدار بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئەتراپلىق ئىگىلەش لازىم.

(3) كۆزىتىش تەكرار ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. كۆزىتىش ماتېرىياللىرىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كۆزىتىش تەكرار داۋاملاشتۇرۇلۇشى لازىم. كۆزىتىش مەزگىلىدىكى «رەڭلىك ئەينەك» كۆزىتىشنىڭ ئوبيېكتىپلىق دەرىجىسىنى تۆۋەنلەشتۈرۈپ، كىشىلەرنى خاتا تۇيغۇ، خاتا ئىدرەك بىلەن چىرماپ قويىدۇ. شۇڭا كۆزىتىش جەريانىدا كۆزىتىشنىڭ ئوبيېكتىپلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، كۆزىتىشنى تەكرار

داۋاملاشتۇرۇپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەر خىل پاسسىپ ئامىللارنىڭ تەسىرىنى دادىللىق بىلەن يېڭىپ، خوراپاتلىققا دادىللىق بىلەن قارشى تۇرۇپ، كۆزىتىشنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش لازىم. كوپېرنىك 30 نەچچە يىل سەرپ قىلىپ تەكرار كۆزىتىش، كۆپ قېتىم تولۇقلاش، ئەستايىدىل ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئاندىن «قۇياش مەركەز تەلىماتى»نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ كىتابى نەشر قىلىنغاندا، ئۇ ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. كۆزىتىش تەكرار داۋاملاشسا، ماتېرىيالنىڭ ئىشەنچلىك، نەزەرىيىنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

(4) مېڭىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئاكتىپ تەپەككۇر يۈرگۈزۈش كېرەك. كۆزىتىش تەپەككۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن، ئۇ، ئادەتتىكى ئىدرەكتىن پەرقلىنىدۇ. ئاكتىپ تەپەككۇر قاتناشقان كۆزىتىش - كۆزىتىش ئۇنۇمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئىتالىيىلىك بىئوخىمىيە ئالىمى رىتالىۋى مۇنتالىچ ۋە ئامېرىكىلىق بىئولوگ ستاتلېي كوۋېن ھايۋانلارنىڭ يارا ئېغىزىنى يالايدىغانلىقىنى، يارا ئېغىزى يالانغاندىن كېيىن تېزلا پۈتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئىنچىكە كۆزىتىدۇ ۋە ئەستايىدىل تەھلىل قىلىدۇ. ئۇلار ئاخىر چاشقاننىڭ شۆلگىيىدىن ئىككى خىل ماددا ئايرىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئۆسۈشنى تېزلەتكۈچى ماددا بولۇپ، ئۇ ماددا يۈرەك تىقىلمىسى، شامالداش، ياشانغانلاردىكى گومۇشلۇق كېسىلىنى داۋالاشتا ئۈنۈم بەرگەن. فرانسىيە فىزىكى مارىئوت، ئادەم كۆزىنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىدە قارىغۇ نۇقتا بارلىقىنى بايقىغان. ئۇ، ئادەم كۆزىنىڭ ئاناتومىيىلىك قۇرۇلمىسىدا كۆز ئالمىسىنىڭ كۆرۈش نېرۋىسى كۆرۈش قارىچۇقىغا ئۇدۇل كەلمەيدىغانلىقىنى ئۇچراتقاندىن كېيىن كۆرۈش سەزگۈسىدە قارىغۇ نۇقتا مەۋجۇت دەپ قارىغان، ئىلمىي تەجرىبە ئارقىلىق بۇ خىل قاراشنى ئىسپاتلاپ چىققان. كۆزىتىشنىڭ توغرا يۆنىلىش بويلاپ ئىلگىرىلەپ، ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى تەپەككۇرنىڭ كۆزىتىشكە نىسبەتەن ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن بولغان. شۇڭا كۆزىتىش جەريانىغا ئاكتىپ تەپەككۇرنى تولۇق سىڭدۈرۈش لازىم.

(5) كۆزىتىش جەريانىدا ئىلمىي بولغان كۆزىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. ئالدى بىلەن دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم ئۇسۇلىنى تەتبىق قىلىش كېرەك. شۇنىڭدەك يەنە ئوخشىمىغان كۆزىتىش مەقسىتىگە ئاساسەن ئوخشىمىغان كۆزىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. ئۇسۇل مۇۋاپىق بولمىسا، كۆزىتىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇسۇل كۆزىتىشكە ماس كېلىشى كېرەك. كۆزىتىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئايرىمدىن ئومۇمغا ئۆتۈش (مىچۇرىن، ياڭشېن قاتارلىقلار قوللانغان)، ئومۇمدىن ئايرىمغا ئۆتۈش (لېئوۋېنخوك، لى سىگۇاڭ قاتارلىقلار قوللانغان)، تەھلىل - ئومۇملاشتۇرۇش (ماۋزېدۇڭ، كېپلېر، دارۋىن قاتارلىقلار قوللانغان)، مۇھىم نۇقتا بولۇش (ئېدىسون، مېندېل قاتارلىقلار قوللانغان)، سېلىشتۇرۇش (ئارخىمېد، زۇچۇڭجى، ئامېرىكىلىق كەشپىياتچى ۋېستىنخاۋس قاتارلىقلار قوللانغان) قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىش لازىم. كۆزىتىش جەريانىدا بارلىق سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ رولىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، مېڭىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كۆزىتىش بىلەن مۇھاكىمىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي زىددىيەتنى چىڭ تۇتۇپ، كۆزىتىش مەقسىتىنى

ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

(6) كۆزىتىش جەريانىدا ئەتراپلىق كۆزىتىش خاتىرىسى يېزىش لازىم. خاتىرە ۋاقتىدا، دەل، كونكرېت، رەتلىك يېزىلىشى، زۆرۈر بولغاندا. خاتىرە جەدۋىلى ئىشلىتىش ۋە بەلگە قوللىنىش كېرەك. ئىرسىيەتنى تەتقىق قىلغان مېندېل، كۆك پۇرچاقنى ئوبيېكت قىلىپ، ئۇرۇقنىڭ پوستى، رەڭگى، غولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بويىچە چاڭلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ جەريانى ۋە نەتىجىسى ئۈستىدە تەپسىلىي، ئېنىق، رەتلىك خاتىرە يېزىپ ماڭغان. ئۇ، ئاخىر مۇشۇ ئاساستا، ئىرسىيەت ئىلمىنىڭ ئۈچ قانۇنىنى كەشىپ قىلغان. خاتىرە قالدۇرۇش ئۈچۈن رەسىم ئاپپاراتى، سىن ئالغۇ، ئۈن ئالغۇ قاتارلىق ئۈسكۈنىلەردىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك. ئىشلەتكەن ئۈسكۈنىلەر چوقۇم ساق بولۇش لازىم.

(7) كۆزىتىش جەريانىدا ساغلام كۆزىتىش پسىخىكىسى داۋاملاشقان بولۇش كېرەك. ساغلام كۆزىتىش پسىخىكى بولغاندا، كۆزىتىش تېز، ئىنچىكە، ئۆتكۈر، ئىزچىل، تەمكىن، جاسارەت بىلەن داۋاملىشىدۇ، كۆزىتىش ئۈنۈمى ئۈستۈن بولىدۇ، ئەمەلىيەتتىن ھەقىقەت ئىزدەش مەقسىتىگە يەتكىلى، قاتماللىقتىن، خۇراپاتلىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئالىملار ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولغان چاغلاردا ئۆز پسىخىكىسىنىڭ ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولمىغان، ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان، قايغۇ - ھەسرەتكە مۇپتىلا بولغان، ناھەق ئەيىبلەنگەن، مەسخىرە - زاڭلىق قىلىنغان، دەرت - ئەلەم باسقان، غورىبەتچىلىك قىيىنغان، جىسمانىي ئاجىزلىق كۆچىنى خوراتقان ئەھۋالدىمۇ ئۆز پسىخىكىسىنىڭ ساغلام داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئىجادىيىتى يېرىم يولدا توختاپ قالماستىن، ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

(8) كۆزىتىشنىڭ تەھلىل - ئومۇملاشتۇرۇش تېپىگە ئېتىبار بىلەن قاراش كېرەك. ھەرقانداق شەيئى پۈتۈنلۈك، سىستېما سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شەيئىلەر ئوخشىمىغان زىددىيەت، ئوخشىمىغان تەرەپ، قىسىم، خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كۆزىتىشتىن مەقسەت شەيئىلەرنى بىلىشتىن ئىبارەت. شەيئىلەرنى بىلىش جەريانى مەسىلە تېپىش ۋە مەسىلە ھەل قىلىش جەريانىدۇر. بۇ جەريان — تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش جەريانى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كۆزىتىش تىپى دېگەندە نەزەردە تۇتۇلىدىغىنى تەھلىل — ئومۇملاشتۇرۇشتۇر. تەھلىل - كۆزىتىش ئوبيېكتىنى ئۆزىنىڭ ئوخشىمىغان تەرەپلىرى، قىسىملىرى، خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە تۈرگە ئايرىپ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، ماھىيىتىنى تېپىپ چىقىشنى؛ ئومۇملاشتۇرۇش بولسا، شەيئىلەرنىڭ ئوخشىمىغان تەرەپلىرى، قىسىملىرى، خۇسۇسىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىر پۈتۈنلۈك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. كۆزىتىش تەھلىل - ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن زىچ باغلانغان. ئامېرىكىلىق گېئولوگ جۇاڭ تۇرۇن[1] جەنۇبىي قۇتۇپتا يەر تەۋرىمەسلىك مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن 30 نەچچە يىل كۆزىتىش ئېلىپ بارغان، جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ مۇز بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى %80 - %90 گە يېتىدۇ، مۇز قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 3000 مېتىر ئەتراپىدا،

---

① «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئۇيغۇرچە سانى 1997 - يىل 29 - ماي سانىغا قارالسۇن.

مۇز قاتلىمىنىڭ 2164 مېتىر چوڭقۇرلۇقىنىڭ ئاستى تەرپىدە سۇ بار، زور بېسىم بىلەن يەر قاتلىمى تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى تۈۋەن بېسىم ئۆزئارا تەڭپۇڭلاشقان. مۇشۇ پاكىت كۆزىتىش بىلەن داۋاملاشقان تەھلىل - ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئىپادىسى. كۆزىتىشنىڭ تەھلىل - ئومۇملاشتۇرۇش تېپىنى قوللانغاندا، شەيئىنى ھەم تەپسىلات جەھەتتىن، ھەم پۈتۈنلۈك جەھەتتىن كۆزىتىش مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنداق قىلىش كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم يولى.

(9) توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ تىكلىنىشى كۆزىتىش مۇۋەپپەقىيىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم مەنىۋى كۈچ. ئىختىساسلىقلار، ئالىملار ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق ئىنسانىيەت ۋە خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىدۇ. ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان رەنجىگە شىپا بولىدۇ. ئالىملارنىڭ ئىجادىي تۆھپىسى ئىنسانىيەتنىڭ نامراتلىق دەردى، نادانلىق غەپلىتى، قالاقلىق چۈمپەردىسى، مەدەنىيەتسىزلىك ئىللىتىدىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئۇلارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى بىلەن گەۋدىلەنگەن. ئالىملار ئىلمىي دۇنيا قاراش، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، توغرا قىممەت قارىشىنى ئۆزلىرىنىڭ قەلبىنى يورىتىدىغان پارلاق قۇياشقا ئايلاندۇرغانلىقتىن ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدىنى، بارلىق كۈچ قۇۋۋىتىنى ۋە ئەقىل - پاراستىنى كۆزىتىشكە، ئىلمىي تەجرىبىگە، ئىلمىي ئىجادىيەتكە بېغىشلىغان، ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتى ياراتقان.

سەلىمە خوجا تەھرىرلىدى

---

# تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

△ ئۈمىدسىز ئادەم قاناتسىز قۇشقا ئوخشايدۇ. ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدىمۇ چوقۇم ئۈمىدلىك بولۇش.

△ ۋاقىت كەينىگە قايتسا ئىدى، ئىنسانلار بۇنىڭدىنمۇ گۈزەل كېلەچەك ياراتقان بولاتتى.

△ دۇنيادا ھەممە نەرسە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ قىممىتى بىلىنىدۇ.

△ ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان رېئاللىقنى چوقۇم قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

△ مۇھەببەتتىكى ئەڭ بۈيۈك تۆت نەرسە شۇكى: ئۆزئارا ئىشىنىش، ھۆرمەت، چۈشىنىش ۋە سەممىيلىك.

△ تۇرمۇش دېڭىزىنىڭ دەھشەتلىك قايناملىرىدا ئۈزىمەن دەيدىكەنسىز، ئۇنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرىنىڭ ئۇتۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەڭ.

# دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا

راقات زارلىقان

(ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى قانۇن فاكۇلتېتى)

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدىكى دوكلاتىدا: «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش دېگىنىمىز كەڭ خەلق ئاممىسى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە، تۈرلۈك يوللار ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى، ئىقتىسادىي ئىشلارنى، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ. دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈملىشىشى ۋە قانۇنلىشىشىنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بۇنداق تۈزۈم ۋە قانۇننى رەھبەرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان، رەھبەرلەرنىڭ كۆز قارىشى ۋە دىققەت - ئېتىبارىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان قىلىدۇ دېگەنلىك.» دەپ كۆرسەتتى.

دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 15 - قۇرۇلتىيىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئاساس قىلىپ، بايرىقى روشەن، يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي تەدبىرى دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت. قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئومۇمىي تەدبىرىنىڭ ئورنىتىلىشى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ چىقارغان ستراتېگىيىلىك تەدبىرى بولۇپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. بۇ تەدبىرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئومۇمىي تەدبىرىدە تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش ياسىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ، پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن - تۈزۈم تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم نامايەندە.

## 1

مەيلى نەزەرىيە ئىلمى ياكى دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي تەدبىرىدىن قارىغاندا، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، چەت ئەلدىن تارتىپ جۇڭگوغىچە داۋام قىلىۋاتىدۇ. قەدىمكى يۇناندا (گرېتسىيە) ئارستوتېل قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئۇقۇمى ۋە تەشەببۇسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان ھەم قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئىككى مەنىسىنى يەنى: «تۈزۈلگەن قانۇن ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنىشى ھەم كىشىلەر بويسۇنىدىغان ياخشى قانۇن بولۇشى كېرەك». «قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتىن ياخشى» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى كۈچلۈك بولغان ھاكىممۇتلەقلىق ۋە ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش ئېغىر بولغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلمىغان قۇللۇق ۋە

فېئوداللىق تۈزۈم دەۋرىدە، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ھەقىقىي ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئايرىم رايون ۋە دەۋرلەردىكى ئاتالمىش قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش پەقەت قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىلەن مۇستەبىتلىك تۈزۈمنىڭ بىرلىشىشىدىن ئىبارەت بولغان.

يېقىنقى دەۋرگە كەلگەندە كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا، بۇرژۇئازىيە سىياسىي كۈچلىرىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىلەن ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، دېموكراتىيە، ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي تۈزۈم قاتارلىق ئۇقۇملارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ مەزمۇنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى.

بۇرژۇئازىيىنىڭ رۇۋسسائۇ (Roussiau)، مونتېسكيۇ (montisqiu)، لوسكى (loski. j) قاتارلىق مەرىپەتچى مۇتەپەككۇرلىرى ناتۇرال قانۇن ۋە ئىجتىمائىي كېلىشىم نەزەرىيىسى ئىدىيىسى ئاساسىدا، بۇرژۇئازىيىنىڭ قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش، قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسا جىنايەت دەپ بېكىتمەسلىك، جىنايەت بىلەن جازا ماس بولۇش قاتارلىق پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇرژۇئازىيە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئۇزۇل - كېسىل ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. چۈنكى، پۇل ھەممىگە قادىر بولغان كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە، پۇلدارلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسىمۇ قانۇنىي جازاغا تارتىلمىدى. ھەم بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئېكسپىلاتاتسىيىگە، ئېزىشكە قارشى تۇرغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇپ، ئىلغار كىشىلەرنى چەكلەپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. بۇرژۇئازىيىنىڭ قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش تەدبىرى نۇرغۇن چەكلىمىلىككە ئىگە بولسىمۇ لېكىن بۇرژۇئازىيىنىڭ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش پرىنسىپىنى رېئاللىقتا ئايلاندۇرۇپ، ئىنسانلارنى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى. شۇڭا لېنىن «بۇرژۇئازىيىنىڭ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى، پارلامېنت تۈزۈمى ۋە ئومۇمىي سايلام تۈزۈمى بولمىسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن دۇنيا جەمئىيەت تەرەققىياتىغا نىسبەتەن بىر خىل غايەت زور ئىلگىرىلەش» دەپ كۆرسەتكەن.

سوتسىيالىستىك دۆلەت خەلق ھەقىقىي خوجايىن بولىدىغان دۆلەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان دۆلەت. XIX ۋە XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى پرولېتارىياتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىنقىلابىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش ئىدى. شۇڭا ماركسىزم، لېنىنىزم كلاسسىك ئەسەرلىرىدە كاپىتالىستىك تۈزۈمنى تەنقىد قىلىش، پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ تاكتىكىسىنى بايان قىلىش ئاساس قىلىنىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. شۇڭلاچقا سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بولغان دېموكراتىيىنى، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسىنىڭ ئالدىنقى نەزەرىيىۋى شەرتى قىلغان.

نەزەرىيە جەھەتتىكى ھەقىقەتنى كىشىلەرنىڭ غايىسىگە، ئەمەلىي رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەگرى - توقاي جاپالىق جەرياننى باشتىن كەچۈرۈشكە، بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تىنىماي تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت قۇرۇش يولىدا، جۇڭگو ۋە چەت ئەلدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ باسقان يوللىرى ئەگرى - توقاي بولۇپ كەلدى. كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىزم ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى، كونا قانۇن - تۈزۈمگە بولغان كۈچلۈك ئۆچمەنلىكى تۈپەيلىدىن، پەقەتلا ئىنقىلاب جەريانىدا شەكىللەنگەن ئادەت ئۇسۇلىغا بېرىلىپ، دېموكراتىيە، قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىلمىدى. بۇ ھال سوتسىيالىستىك

قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشى ۋە جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى مانا مۇشۇنىڭ ئاچچىق ساۋىقى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دۆلىتىمىز تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنى يولغا قويدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باشلامچىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭ دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا «سوتسىيالىزم دېگەن نېمە؟ سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك» دېگەن ئاساسىي مەسىلىگە ئىلمىي ھالدا جاۋاب بەردى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىپ، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشتەك دەۋر بۆلگۈچ چوڭ ئىشنى باشلىدى.

2

مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات نۆۋەتتىكى جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ئىككى چوڭ ئىش ۋە ئاساسلىق نىشان.

مۇقىملىق ئاساسىي شەرت. مۇقىملىق - ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ بىر - بىرىگە ئاساسىي جەھەتتىن ماس بولۇشى ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ نىسپىي ماسلىقى، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ نىسپىي، كەسكىن بولماسلىق ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. مۇقىملىق ھەر تەرەپلىملىك بولۇپ سىياسىي ئىقتىساد، ئىجتىمائىي تەرتىپ، كىشىلەر پسىخولوگىيىسىنىڭ مۇقىملىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مۇقىملىق جۇڭگونىڭ ھازىرقى دۆلەت ئەھۋالىغا نىسبەتەن ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۆلىتىمىز نوپۇسى كۆپ، زېمىنى كەڭ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى تەكشى بولمىغان بىر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت، يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلىتىمىزدە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، كونا- يېڭى تۈزۈلمىلەر ئالمىشىپ، كونا - يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەر داۋاملىق توقۇنۇشۇپ تۇرغان مەزگىل. بۇنداق ئەھۋالدا، جەمئىيەتتە ھەر خىل زىددىيەتلەر ۋە توقۇنۇشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، ئەگەر بۇ زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار ۋاقتىدا، توغرا، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئۇنىڭ دائىرىسى ئاسان كېڭىيىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئامىلغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «جۇڭگونىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشىدىكى ئەڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلە مۇقىملىقنىڭ بولۇشىدا» دەپ كۆرسەتكەن.

تەرەققىيات مەقسەت، چىڭ قائىدە، تەرەققىيات مەسىلىسىدە پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخىي تەجرىبە ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش، دۇنيادىكى سانائەت دۆلەتلىرىنىڭ تارىخىي ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز تونۇش ۋە ئىگىلەش ئاساسىدا، داۋاملىق تەرەققىي قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى ئورناتتى. داۋاملىق تەرەققىي قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئاساسلىق تەلىپى: نۆۋەتتىكى تەرەققىياتنى ئويلىشىش، كەلگۈسى تەرەققىياتقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش ھەم ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىغا تېخىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى بىلەن نوپۇس، تەبىئىي بايلىقلاردىن

پايدىلىنىش، مۇھىت ئاسراشنى ئۈزئارا ماسلاشتۇرۇش. داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئاساسىي نىشانى: جەمئىيەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ماس ھالەتتە تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

مۇقىملىق بىلەن تەرەققىيات زىددىيەتلىك بولماستىن بەلكى بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مۇقىملىق تەرەققىياتنىڭ ئاساسى. بۇنى كۆپلىگەن 3 - دۇنيا ئەللىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخى جانلىق ئىسپاتلاپ بەردى. ئەگەر جەمئىيەت مۇقىم بولمىسا، ئىچكى ئۇرۇش بولسا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچىنىڭ ھەممىسى سىياسىي كۈرەش ۋە ئۇرۇشقا سەرپ قىلىنىپ جەمئىيەت تەرەققىي قىلمايلا قالماستىن، بەلكى ئەسلىدىكى تەرەققىيات سەۋىيىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ. تەرەققىيات مۇقىملىقنىڭ مەخسىتى. مۇقىملىق بولسا تىنچ، جىم ھالەتتىكى مۇقىملىق بولماستىن تەرەققىيات، ئىلگىرىلەش جەريانىدىكى مۇقىملىق. نامرات، ئارقىدا قالغان جەمئىيەتتە ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇقىملىقنى ئورنىتىشقا بولمايدۇ. ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى مۇقىملىقنى مۇستەھكەم ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. مۇقىملىق بىلەن تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، روناق تېپىشى ۋە قۇدرەتلىك بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش — مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئىككى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى مېخانىزم. چۈنكى، بىرىنچىدىن، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش - مۇقىملىقنىڭ توپ كاپالىتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىر دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى بىرەر ئادەم ئاساسىدا ئورنىتىلىشى نورمالسىز ھەم ئىشەنچسىز دەپ قايتا تەكىتلىگەن. قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ھازىرقى جەمئىيەتتىكى دۆلەت مۇقىملىقىنىڭ مۇھىم كاپالىتى، قانۇننىڭ بىر مۇھىم فۇنكسىيىسى ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنى تونۇش، پەسەيتىش، تەڭشەش، پارچىلاش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بولۇپمۇ سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەشنى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇق يول قويغان دائىرىدە تەڭشەش، مەلۇم ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئورنىتىش ۋە قوغداش. شۇڭا دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش دۆلەتنىڭ چوڭ فاكتېنلىرىنىڭ مۇقىملىقى، دائىملىقىغا، ھۆكۈمەت ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇقىملىقى، دائىملىقىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

ئىككىنچىدىن، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش - تەرەققىياتنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى. مۇكەممەل، مۇۋاپىق بولغان قانۇن - تۈزۈم داۋاملىق تەرەققىي قىلىشنىڭ مۇستەھكەم ئاساسى. بىزنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى بىر مۇھىم خىزمىتىمىز شۇكى، دۆلىتىمىزدە مۇكەممەل بولغان قانۇن - تۈزۈمنى بەرپا قىلىش. نۆۋەتتە يېزا بازار ئىگىلىكى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش، تەبىئىي بايلىقتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، مۇھىت ئاسراشنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارنى قانۇن تورغۇزۇش يولىغا سېلىپ، داۋاملىق تەرەققىي قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. شۇ ئارقىلىق ئىقتىساد بىلەن نوپۇس، تەبىئىي بايلىق، مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم. قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش - داۋاملىق تەرەققىي قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. بۇ ئىستراتېگىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا چوقۇم يىراقنى كۆرەلمەسلىك، يەرلىك قورۇمچىلىق، قىسمەن قورۇمچىلىق قاتارلىق ناتوغرا ئىستىللارغا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. بۇنداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ توپ چىقىش يولى-ئۇزۇن مۇددەتلىك، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن قانۇننى تۈزۈپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، بىزنىڭ خىزمىتىمىز كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە

كېلىدۇ.

قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش مۇقىملىق بىلەن تەرەققىياتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىسى. ئىجتىمائىي ئىشلارنى تەڭشەش - ئالاھىدە تەڭشەش، قېلىپلاشتۇرۇپ تەڭشەش دەپ ئايرىلىدۇ. ئالاھىدە تەڭشەش - كونكرېت ئىشلار، ئايرىم كىشىلەرگە كونكرېت تەڭشەش ئۆلچىمى بەلگىلەپ بېرىپ تەڭشەشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئېنىق، كونكرېت بولسىمۇ لېكىن سۇبيېكتىپچانلىقتا، ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولىدۇ. قېلىپلاشتۇرۇپ تەڭشەش — بىر خىل ئەھۋالغا ۋە بارلىق كىشىلەرگە بىر قائىدىنى قايتا-قايتا تەدبىق قىلىش ئاساسىدا بەلگىلىگەن ئورتاق ئۆلچەم ئاساسىدا كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى تەڭشەشنى كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، قائىدە بىرلىككە كەلگەن، ئېنىق، مۇقىم بولىدۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بولسا دائىرىسى كەڭ، مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان ھادىسە، ئۇنىڭغا نىسبەتەن پەقەت بىر خىل شەكىل، قائىدىنى تەدبىقلاپ تەڭشەش ئېلىپ بېرىش مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، شۇڭا قېلىپلاشتۇرۇپ تەڭشەشنى ئاساس، ئالاھىدە تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلىش نىسبەتەن مۇۋاپىق، قانۇن مانا مۇشۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىنى جانلىق بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا تۈزىلىدۇ، شۇڭا قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش مۇقىملىق بىلەن تەرەققىياتنى بىرلەشتۈرۈشتىكى ئۈنۈملۈك ۋاسىتە دەيمىز. بىرىنچىدىن، قانۇن دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلىدىغان، ئومۇمىيۈزلۈك تەدبىق قىلىنىدىغان ھەرىكەت ئۆلچىمى. قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمە بولسىلا بارلىق دۆلەت ئورگىنى، پۇقرالار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بىردەك ئەمەل قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، قانۇن قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بەلگىلىمىلىرى يول قويغان دائىرىدە ئەركىن كېسىم قىلىش ھوقۇقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشىغا يول قويىدۇ. شۇڭا قانۇن ئارقىلىق تەڭشەش پرىنسىپاللىق بىلەن جانلىقلىق، ئاددىيلىق بىلەن ئالاھىدىلىك، مۇقىملىق بىلەن تەرەققىياتنى بىرلەشتۈرۈپ، شۇ ئاساستا ئىجتىمائىي مۇقىملىقتىن تەرەققىياتقا، تەرەققىياتتىن يېڭى، تېخىمۇ مۇستەھكەم بولغان مۇقىملىققا ئېرىشىدۇ.

3

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش - دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

يېڭى تارىخىي دەۋردە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى XXI ئەسىرگە يۈزلەندۈرۈش، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ XXI ئەسىردە يېڭى پارلاق تارىخ يارىتىشنىڭ ئاچقۇچى — پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاشتىكى بىر مۇھىم مەسىلە پارتىيە بىلەن قانۇننىڭ، پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا، پارتىيىمىز باشتىن - ئاخىر پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، پارتىيە بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە ئىزدەندى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ تارىخىي ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئاساسىدا: «بارلىق پارتىيىلىك يولداشلار ۋە بارلىق كادىرلار ئاساسىي قانۇن، قانۇن - پەرمانغا ئاساسەن ئىش قىلىشى، قانۇن قورالىنى ئىشلىتىشنى بىلىۋېلىشى لازىم.» دەپ تەكىتلىدى.

پارتىيە نىزامنامىسىدا: «پارتىيە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن دائىرىسىدە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش كېرەك.» دەپ بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇننىڭ 5 - ماددىسىدا: «مەملىكىتىمىزدىكى بارلىق

دۆلەت ئورگانلىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر، ھەرقايسى پارتىيىلەر ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا تەشكىلاتلىرى، كەسپىي تەشكىلاتلار ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىشى شەرت.» دەپ بەلگىلەنگەن.

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىمىزنىڭ 15- قۇرۇلتىيىدىكى دوكلاتىدا، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىلەن پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئېنىق قىلىپ «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، پارتىيىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشىنىڭ تۈپ ئومۇمىي تەدبىرى ...... دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن ۋە ئاساسىي فاڭجېننى ئىزچىل يولغا قويۇشقا تۈزۈم ۋە قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىدۇ. پارتىيىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى باشتىن ئاخىر ئىزگىنلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتىكى رەھبەرلىك. يادرولۇق رولىغاكاپالەتلىك قىلىدۇ.» دەپ كۆرسەتكەن.

پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش — دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت قۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا پايدىلىق.

بىرىنچى، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاساسلىقى سىياسىي، ئىدىيىۋى ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى رەھبەرلىك. پارتىيە ئاساسىي لۇشيەن. فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قانۇن تۈرغۇزۇش ئورگانلىرىدىكى ئەزالىرى ئارقىلىق دۆلەت ئىرادىسىگە كۆتۈرۈشى ھەم دۆلەت ئورگانلىرى، ئەدلىيە ئورگانلىرىدىكى ئەزالىرى ئارقىلىق دۆلەت قانۇننى ئىجرا قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك. پارتىيە كونكرېت دۆلەت ئىشلىرىدىن خالىي بولغاندىلا ئاندىن ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىزگىنلەپ، ھەر تەرەپنى ماسلاشتۇرۇشتىكى رەھبەرلىك، يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى تۈزىدۇ ۋە ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، پارتىيىنىڭ بارلىق پائالىيىتى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن دائىرىسىدە بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا دۆلەت قانۇنىنىڭ نوپۇزىنى، پارتىيىنىڭ نوپۇزىنى قوغدىغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. پارتىيىمىز ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا ئاساسلىقى، توغرا ھەم جانلىق ئىنقىلابىي سىياسەت بىلەن قورال ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ غەلىبە قىلغان. ھازىر تىنچ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش دەۋرىدىكى دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەلدى. دۆلەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت. پارتىيىمىز يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا يۈزلىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلىيالايدۇ.

ئۈچىنچىدىن: دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش — پارتىيىنىڭ چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق. چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش- پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھايات - ماماتلىقىغا

مۇناسىۋەتلىك كەسكىن سىياسىي كۈرەش. ئەگەر چىرىكلىشىش قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنمىسا، پارتىيە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىدىن ۋە قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇ پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىق رولىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش، چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە چىرىكلىشىشكە زەربە بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدا قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. پەقەت قانۇن تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەتنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلغاندىلا. ئاندىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت بەرگەن ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇشتا قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ رولى تېخىمۇ زور. قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئاساسەن، چىرىكلىشىش ھەرىكەتلىرىنى جازالاشنى يۈرگۈزىدىغان مەخسۇس ئورگان قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىشى شەرت.

دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش تارىختىن بۇيان بولمىغان بىر ئۇلۇغ يېڭىلىق ھەم مۇرەككەپ سىستېمىلىق قۇرۇلۇشتۇر. شۇڭا پۈتۈن پارتىيە، خەلق ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەممىسى قانۇننى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشى، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش قارىشىنى كۈچەيتىشى، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىش، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى يولداش جياڭ زېمىننى يادرو قىلغان 3 ـ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش يولىدا تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرىلەپ، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. جۇڭگو XXI ئەسىر قارالمىسى.
2. لېنىن ئەسەرلىرى 3 ـ توم.
3. دېڭ شياۋپىڭ تاللانما ئەسەرلىرى 2 ـ، 3 ـ توم.
4. 15 ـ قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرى.
5. ئاساسىي قانۇن.
6. جۇڭگو قانۇنشۇناسلىرى ژۇرنىلى 99 ـ يىل 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ سانى.

سەلىمە خوجا، زەينۇللا تەھرىرلىدى

# پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتكە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا مۇلاھىزە

رىزۋانگۈل ئابلىز
شاۋكەت ئابلىمىت

(ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنىستىتۇتى قانۇن فاكۇلتېتى)
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتى)

جىنايى قىلمىش — دۆلەتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن، جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان، جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە جىنايى جازا بېرىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. جىنايەت ئادەتتە ئاكتىپ ۋە پاسسىپ ھەرىكەت شەكلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ. سوت ئەمەلىيىتىدە ئاكتىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتلەر بىرقەدەر كۆپ بولغاچقا، ئۇنى پەرق ئېتىش، جىنايەت بېكىتىش ۋە جازا ئۆلچەش قىيىنغا توختىمايدۇ. ئەمما پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتنىڭ يوشۇرۇنلۇق دەرىجىسى يۇقىرى، ئەھۋالى مۇرەككەپ بولغانلىقتىن، ئۇنى پەرقلەندۈرۈپ جىنايەت بېكىتىش ۋە جازا ئۆلچەشتە ئىختىلاپ كۆپ يۈز بېرىدۇ. تۆۋەندە پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتلەرگە دائىر كۆز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەسپداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمىز:

1. پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتنىڭ ئۇقۇمى ۋە شەرتى

جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت يەنە قىلماسلىق ھەرىكىتىدىن كېلىپ چىققان جىنايەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ مۇئەييەن مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىمكانىيىتى بار تۇرۇقلۇق، قەستەنلىك ياكى سەۋەنلىكتىن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلماي زىيانلىق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەمدە جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدىغان قىلمىشنى كۆرسىتىدۇ.

پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتنىڭ شەكىللىنىشىدە تۆۋەندىكى شەرتلەر بىرلا ۋاقىتتا ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك:

بىرىنچى، قىلمىش سادىر قىلغۇچى قانۇن ۋە جەمئىيەت تەلەپ قىلغان مۇئەييەن مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇشى شەرت.

بۇ يەردىكى مۇئەييەن مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ھالقىلىق شەرت بولۇپ، بۇ مەجبۇرىيەت ئەخلاق جەھەتتىكى مەجبۇرىيەت بولماستىن، بەلكى قانۇنىي ئەھمىيەتكە ئىگە مەجبۇرىيەتتۇر. ئەگەر بۇنداق مەجبۇرىيەت قانۇنىي ئەھمىيەتكە ئىگە مەجبۇرىيەت بولماستىن، بەلكى ئەخلاق جەھەتتىكى مەجبۇرىيەت بولۇپ، ئۇنى ئادا قىلمىسا جىنايەت ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر دوختۇر خىزمەتتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ دەم ئېلىۋاتقاندا، قوشنىسى ×× نىڭ پەرزەنتىنىڭ جىددىي كېسەلى قوزغىلىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، دەم ئالىمەن دەپ داۋالاشنى رەت قىلغان. بىمار ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋېلىنمىغانلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن. بۇنىڭدا گەرچە دوختۇرنىڭ كەسپىي ئەخلاق مەجبۇرىيىتى ئۇنىڭ بىمارنى

قوتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇ خىزمەتتىن چۈشكەن ۋاقىت بولغانلىقتىن، يەنە كېلىپ ئۇ قانۇنىي مەجبۇرىيەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، پەقەت جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ. جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ، يەنى جىنايەت ھېسابلانمايدۇ.

ئىككىنچى، قىلمىش سادىر قىلغۇچى چوقۇم ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدىغان شارائىت، ئىمكانىيەت ۋە ئىقتىدارغا ئىگە تورۇقلۇق مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمىغان بولۇشى شەرت.

قىلمىش سادىر قىلغۇچى قانۇن ۋە جەمئىيەت تەلەپ قىلغان مۇئەييەن مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت، شۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلالايدىغان شارائىت، ئىمكانىيەت ۋە ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى شەرت. شۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە تورۇقلۇق مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمىغاندا ئاندىن جىنايەت شەكىللىنىدۇ. ئەگەر قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشىدا شارائىت، ئىمكانىيەت ياكى ئىقتىدارى بولمىسا، ياكى تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان، ئالدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن بولمىغان ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالمىغان بولسا، جىنايەت شەكىللەنمەيدۇ. مەسىلەن: شوپۇر يولۇچىنى ماشىنا بىلەن سوقۇۋەتكەندىن كېيىن، جىددىي تورمۇزلىغانلىقتىن ماشىنا ئىستولبىغا ئۇسۇپ ئۆزىمۇ ئېغىر زەخىملەنگەن. بۇنداق ئەھۋالدا، شوپۇرنىڭ زەخىملەنگەن يولۇچىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قۇتقۇزۇش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ، ئەمما شوپۇر ئۆزىمۇ ئېغىر زەخىملەنگەنلىكتىن، يولۇچىنى قۇتقۇزالمايدۇ. شۇڭا بۇنىڭدىن پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت شەكىللەنمەيدۇ، شوپۇر پەقەت ئالدىنقى قىلمىشى يەنى يولۇچىنى سوقۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈنلا قانۇن جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

نېمە ئۈچۈن مۇئەييەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلماسلىقتىن جىنايەت شەكىللىنىدۇ -- دېيىمىز؟ بۇنىڭ سەۋەبى: بىرىنچىدىن، پاسسىپ ھەرىكەت ئوبيېكتىپ جەھەتتە قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ ئېڭى ۋە ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى، سۇبيېكتىپ جەھەتتە قەستەنلىك ياكى سەۋەنلىك بولىدۇ. پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن قەستەن قىلمىش سادىر قىلغۇچى ھەر خىل سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋەتلىرىگە بولغان ئۆزىنىڭ تونۇشى ۋە ھۆكۈمىگە ئاساسلىنىپ، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىدۇ ياكى باشقىلارنىڭ قىلمىشىدىن پايدىلىنىپ، زىيانلىق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىپ جىنايەت مەقسىتىگە يېتىدۇ، ياكى مەلۇم زىيانلىق ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يول قويىدۇ. ئوخشاش تۈردىكى ئاكتىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت تېخىمۇ يوشۇرۇن، تېخىمۇ ھىيلىگەرلىك تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ئاسانلا كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن ساقىت بولۇپ قالىدۇ. ئىككىنچىدىن، پاسسىپ ھەرىكەت ئوبيېكتىپ جەھەتتە جەمئىيەتكە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ. كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن شەرت ئاستىدىكى پاسسىپ ھەرىكىتى ئاكتىپ ھەرىكەتلەرگە ئوخشاش ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ فىزىكىلىق، خىمىيىلىك، بىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرىنى قوزغاپ ئېغىر زىيانلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ، جىنايەت شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن: پارقازان ئىشچىسىنىڭ پار قازانغا ۋاقتىدا سۇ قاچىلىمىغان قىلمىشىدىن پار قازاننىڭ پارتلىشىدەك ئۆزگىرىشنى قوزغاپ زىيانلىق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە باشقىلار.

ئۈچىنچى، پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتتە، زىيانلىق ئاقىۋەتنى قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ پاسسىپ ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى، زىيانلىق ئاقىۋەت بىلەن قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ پاسسىپ ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدا سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى بولغان بولۇشى شەرت.

پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتتە قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگەندىن باشقىلىرىدا ئېغىر زىيانلىق ئاقىۋەتنىڭ بولۇشى تەلەپ

قىلىندۇ. شۇنداق بولغاچقا، پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتتە، سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

ئاكتىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتتىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىگە سېلىشتۇرغاندا پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتتىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ. مەسىلەن: ئاكتىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتتە، مەلۇم A كىشى B كىشىنى پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ يەردە A كىشىنىڭ پىچاق تىقىش قىلمىشى B كىشىنىڭ ئۆلۈشىدىكى سەۋەب بولىدۇ. B كىشىنىڭ ئۆلۈشى A كىشىنىڭ پىچاق تىقىش قىلمىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇنىڭدا قىلمىش بىلەن ئاقىۋەت ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئېنىق، بىراق، پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن نۇرغۇن جىنايەتلەردە زىيانلىق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىۋاسىتە سەۋەب قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ پاسسىپ ھەرىكىتى بولماستىن، زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ قىلمىشى ياكى باشقىلار بولىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم كىشى ئوقۇشماسلىقتىن ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن يېمەكلىكنى ئىستېمال قىلغان، نەتىجىدە يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىپ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان. ئۇنىڭ بۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالدا قېلىشىدىن ئىبارەت نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىكى سەۋەب — ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن يېمەكلىكنى ئىستېمال قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، دوختۇرنىڭ بىمارنى قۇتقۇزۇش-قۇتقۇزماسلىقىدىن ئىبارەت قىلمىشى بىمارنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانلىقىدىن ئىبارەت نەتىجە بىلەن بىۋاسىتە سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولمايدۇ. ئۇنداقتا، پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتتە سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى يوق دەپ قاراشقا بولامدۇ؟ سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى بولمىسا، قانداقمۇ جىنايەتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ:

بىرى، زىيانلىق قىلمىش زىيانلىق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن: ئاكتىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت بىلەن بەزى پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتتىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى ئەنە شۇنداق.

يەنە بىرى، زىيانلىق قىلمىش زىيانلىق ئاقىۋەتتىن ئۇنۇملۇك ساقلانمىغانلىقنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ. مەسىلەن: كۆپلىگەن پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت بىلەن بەزى ئاكتىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سەۋەنلىك جىنايىتىدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى ئەنە شۇنداق مۇناسىۋەتتۇر.

بىرىنچى خىل ئەھۋال جىنايى ئىشلار قانۇن نەزەرىيىسىدە كۆپرەك تىلغا ئېلىنغانلىقتىن بىز ئىككىنچى خىل ئەھۋالنى نۇقتىلىق تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز.

پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتتىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى، ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولماستىن، بەلكى مۇئەييەن قانۇني ئەھمىيەتكە ئىگە مەجبۇرىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. مەلۇم بىر ھادىسىدە ئاللىبۇرۇن زىيانلىق ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئېھتىماللىقى مەۋجۇت بولغاندا، بىر ئادەمنىڭ پاسسىپ ھەرىكىتى بىلەن زىيانلىق ئاقىۋەت ئوتتۇرىسىدا سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. يەنى بۇ خىل زىيانلىق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۈپكى سەۋەب قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ پاسسىپ ھەرىكىتى بولماستىن، بەلكى باشقا سەۋەبلەر بولىدۇ. لېكىن قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە مۇئەييەن مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچى بۇ خىل سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى بىلەن زەنجىرسىمان باغلىنىشقا ئىگە بولۇپ، قانۇن مۇئەييەن قانۇني مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچىدىن ئاكتىپ ھەرىكەت قوللىنىپ ئەسلىدە يۈز بېرىۋاتقان

زىيانلىق ئاقىۋەتنى ئۇنۇملۇك توسۇپ قېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، مۇئەييەن مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچى بىلەن زىيانلىق ئاقىۋەت ئوتتۇرىسىدا قانۇنىي ئەھمىيەتكە ئىگە سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى شەكىللىنىدۇ. شۇڭا پاسسىپ ھەرىكەت بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن، قىلمىش سادىر قىلغۇچى مۇئەييەن مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولۇشى، مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش شارائىتى، ئىمكانىيىتى ۋە ئىقتىدارى بار تۇرۇقلۇق، ئادا قىلمىغان بولۇشىدىن باشقا، يەنە قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ پاسسىپ ھەرىكىتى بىلەن زىيانلىق ئاقىۋەت ئوتتۇرىسىدا سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى بولۇش كېرەك. ئەگەر بۇنداق مۇناسىۋەت بولمىسا جىنايەت شەكىللەنمەيدۇ. مەسىلەن: پار قازان ئىشچىسى پار قازانغا سۇ قاچىلاپ ئوت يېقىپ قويۇپ ياتىقىغا كىرىپ ئۇخلاپ قالغان. يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن پار قازان پارتلاپ كەتكەن. تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە، پار قازاننىڭ پارتلىشى پار قازان ئىشچىسىنىڭ پار قازانغا ياخشى قارىماي ئۇخلاپ قالغانلىقىدىن بولماستىن، بەلكى پار قازاننىڭ ئەسلىدىلا سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتمىگەن، تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بېرىش دەرىجىسى تۆۋەن، ئىچكى قۇرۇلمىسىنىڭ ناچارلىقىدىن بولغان. شۇڭا، بۇنىڭدا پار قازان ئىشچىسىنىڭ قىلمىشىدىن پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت شەكىللىنىدۇ دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

2. پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتلەردىكى «مۇئەييەن مەجبۇرىيەت» نىڭ كېلىش مەنبەسى.

پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتلەردە «مۇئەييەن مەجبۇرىيەت» لەرنىڭ كېلىش مەنبەسى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل بولىدۇ:

بىرىنچى، قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەت. تۈرلۈك قانۇنلاردا مەلۇم سالاھىيەتكە ئىگە كىشى ئاكتىپلىق بىلەن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەر بەلگىلەنگەن بولىدۇ. مەسىلەن: «باج قانۇنى» دا باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار پۇقرا ۋە قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى بەلگىلەنگەن. «نىكاھ قانۇنى» دا ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا بېقىش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقى بەلگىلەنگەن. بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلماي، ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندا، باج ئوغرىلاش جىنايىتى، باج تاپشۇرۇشقا قارشىلىق قىلىش جىنايىتى، تاشلىۋېتىش جىنايىتى شەكىللىنىدۇ. لېكىن سوت ئەمەلىيىتىدە، قانۇندا بەلگىلەنگەن مۇئەييەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمىغاندا جىنايەت بولۇش - بولماسلىقىنى جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن بېكىتىش كېرەك.

دۆلىتىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېلان قىلىپ يولغا قويۇۋاتقان قانۇنلىرىدا، مەسىلەن: «سودا بانكا قانۇنى»، «ئېلان قانۇنى»، «تۈرمە قانۇنى»، «خەلق ساقچىلىرى قانۇنى»، «ئىستراخوۋانىيە قانۇنى»، «مائارىپ قانۇنى» ...... قاتارلىق قانۇنلارنىڭ ھەممىسىدە مۇئەييەن مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ھەم بۇ خىل مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلماي، جىنايەت شەكىللەندۈرسە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. مەسىلەن: «سودا بانكا قانۇنى» نىڭ 74 - ماددا، 6 - تارمىقىدا سودا بانكىلىرى يوقىرىغا مالىيە ئىشلىرىنى يالغان مەلۇم قىلىشتىن ياكى ئەمەلىي ئەھۋالنى يوشۇرۇشتىن جىنايەت شەكىللەنسە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. «ئېلان قانۇنى» نىڭ 46 - ماددىسىدا: ئېلاننى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئورگىنى بىلەن ئېلان تەكشۈرۈش ئورگىنىدىكى خىزمەتچى خادىملار خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغان، شەخسىي غەرەز بىلەن كۆز بويامچىلىق قىلغان قىلمىشلارنى سادىر قىلسا جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. «تۈرمە قانۇنى» نىڭ 14 - ماددىسىدا تۈرمە ساقچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ جىنايەتچىنىڭ قېچىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، جىنايەتچىلەرنى ئۇرۇشتىن ياكى باشقىلارنىڭ ئۇرۇشىغا قويۇپ

بېرىشتىن جىنايەت شەكىللەندۈرسە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن ۋە باشقىلار.

ئىككىنچى، ۋەزىپە ۋە كەسپىي جەھەتتىكى مەجبۇرىيەت. بۇ خىل مەجبۇرىيەت ۋەزىپە ۋە كەسپلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇلار گەرچە جىنايى ئىشلار قانۇنىدا ئېنىق بەلگىلەنگەن بولىسمۇ، لېكىن لوگىكىلىق خۇلاسە ئارقىلىق بېكىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: تورمە ساقچىسىنىڭ جىنايەتچىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ توسىماسلىقى، دوختۇرنىڭ جىددىي خەۋپ ئاستىدا قالغان بىمارنى يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، داۋالاپ قۇتقۇزۇۋالماي، بىمارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇشى ۋەھاكازا. تورمە ساقچىسى بىلەن دوختۇرنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىشلىرىدىن پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت شەكىللىنىدۇ.

ئۈچىنچى، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ ئالدىنقى قىلمىشىدىن شەكىللەنگەن مەجبۇرىيەت. بۇ يەردىكى «ئالدىنقى قىلمىش» قانۇنلۇق قىلمىش بولۇشىمۇ، قانۇنسىز قىلمىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ قىلمىشى (مەيلى قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز بولسۇن) قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان مۇئەييەن مەنپەئەتنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، خەۋىپلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغاندا، ئۇنىڭدا خەۋپتىن قۇتقۇزۇپ قېلىش مەجبۇرىيىتى شەكىللىنىدۇ. بۇنداق مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلماي ئېغىر زىيانلىق ئاقىۋەت كېلىپ چىققاندا پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر تاكسى شوپۇرى يولۇچى B نى ماشىنىسى بىلەن سوقۇۋېتىپ يولۇچىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قۇتقۇزۇش مەجبۇرىيىتى شەكىللىنىدۇ. ئەمما ئۇ زەخىملەنگەن يولۇچىغا پەرۋا قىلماي كېتىپ قېلىپ يولۇچى قۇتقۇزۇۋېلىنمىغانلىقتىن ئۆلۈپ كەتسە بۇنىڭدىن پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت شەكىللىنىدۇ.

تۆتىنچى، ئالاھىدە مۇناسىۋەتتىن شەكىللىنىدىغان مەجبۇرىيەت. بۇ خىل مەجبۇرىيەت پەقەت ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. بۇنداق ئالاھىدە مۇناسىۋەت ئەھمىيىتىنى يوقاتقاندا بۇ خىل مەجبۇرىيەتمۇ ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. مەسىلەن: ئانىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى ئىمىتمەي ئاچ قويۇپ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولسا جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. يەنە مەسىلەن: «ئىستراخوانىيە قانۇنى» نىڭ 132 ـ ماددىسىدا: «ئىستراخوۋانىيە شىركىتى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئىستراخوۋانىيە كەسپىدە ئىستراخوۋانىيە كەسپىگە ئائىت مۇھىم ئەھۋاللارنى يوشۇرۇپ، ئىستراخوۋانىيە قىلغۇچى، ئىستراخوۋانىيە قىلىنغۇچى ياكى مەنپەئەتكە ئېرىشكۈچىنى ئالداپ ياكى ئىستراخوۋانىيە پۇلىنى تۆلەش ياكى بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماي، جىنايەت شەكىللەندۈرگەن بولسا، قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىكى مەجبۇرىيەت توختام مۇناسىۋىتىدىن شەكىللەنگەن. شۇڭا، ئۇنىڭدىن پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت شەكىللىنىدۇ.

3. پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتلەرنى بېكىتىشتە، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر.

پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتلەرنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغاچقا، سوت ئەمەلىيىتىدە ئۇنى بېكىتىشتە تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

بىرىنچى، مۇئەييەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلماسلىق جىنايى ئىشلار دەۋالىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، ھەق تەلەپ دەۋالىرىنى ۋە مەمۇرىي دەۋالارنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مەسىلەن: قەرزدارنىڭ ھەقدارغا قەرزنى قايتۇرمىغانلىقى، ئۆي ئىجارە توختامىدىكى ئىجارىگە ئالغۇچى توختامدا بەلگىلەنگەن ئىجارە ھەققىنى ئىگىسىگە تاپشۇرماسلىقى قاتارلىقلاردىن ھەق تەلەپ دەۋالىرى كېلىپ چىقىدۇ. سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بېجىرگۈچى خىزمەتتە

مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بېجىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ مەلۇم مەنپەئەتىگە دەخلى يەتكۈزسە، مەمۇرىي دەۋا كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا مۇئەييەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلماسلىق پەقەت جىنايەت دەرىجىسىگە يېرىپ يەتكەندىلا، پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت شەكىللىنىدۇ، جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئالدىنقى قىلمىشتىن شەكىللەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلماي جىنايەت شەكىللەندۈرگەندە، ئالدىنقى قىلمىش ئەگەر قانۇنسىز قىلمىش بولغاندا، بىرنەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاش بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: مەلۇم A كىشى B كىشىنى ئېغىر زەخىملەندۈرۈپ ئادەم كۆرمەيدىغان ئازگالغا تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالغان. نەتىجىدە B كىشى ئۆلۈپ كەتكەن. بۇنىڭدا، A كىشىنىڭ قىلمىشىدىن ئېغىر زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى ۋە قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىدىن ئىبارەت ئىككى خىل جىنايەت شەكىللەنگەن دەپ قاراپ، بىرنەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاش بويىچە جازا بېرىشكە بولمايدۇ. بەلكى جىنايى ئىشلار قانۇن نەزەرىيىسىدىكى قوبۇل قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بويىچە جازا بېرىش كېرەك.

ئۈچىنچى، پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت بىلەن تەسادىپىي ۋەقەلەر بەك ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى ئاسانلا ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، جىنايەت بىلەن جىنايەت ئەمەسلىكىنى ئايرىشتا، سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، ئەتراپلىق تەكشۈرۈش، زۆرۈر بولغان تېخنىكىلىق باھالاش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بېكىتىش كېرەك.

تۆتىنچى، سوت ئەمەلىيىتىدە پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتلەرنى بېكىتىشتە، سۇبيېكتىپ بىر تەرەپلىمىلىكتىن قەتئىي ساقلىنىش، پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتلەرنىڭ شەكىللىنىشـدىكى شەرتلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئۇنى ئاكتىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتلەردىن پەرقلەندۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

زەينۇللا تەھرىرلىدى

# سىز بىلەمسىز

دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ بۇرۇنقى يازما قانۇن — «قانۇن دەستۇرى»نى ۋېي بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى لى لى ئەينى ۋاقىتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ قانۇنلىرىنى توپلاپ تۈزۈپ چىققان، تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 407 - يىلى كىتاب بولۇپ چىققان. بۇ كىتاب ھازىر يوقاپ كەتكەن. «خەننامە جىنايى ئىشلار قانۇنى تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، «قانۇن دەستۇرى» - «بۇلاڭچىلىق»، «ئوغرىلىق»، «تور»، «تۇتۇش»، «مۇرەككەپ»، «سايمان» دېگەن ئالتە قىسىمغا بۆلۈنگەنىكەن.

# نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ جازانى كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش جىنايىتى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى توغرىسىدا

ھاشىمجان ئىسمائىل

(شىنجاڭ ئەدلىيە مەكتىپى)

نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ جازانى كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، جازانى ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش جىنايىتى — ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، شەرتكە ئۇيغۇن بولمىغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازا مۇددىتىنى كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، جازانى ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىشقا قارىتىلغان.

بۇ خىل جىنايەت تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بىرىنچى، بۇ خىل جىنايەتنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى مۇرەككەپ ئوبيېكت بولۇپ، ئۇ ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ نورمال باشقۇرۇش پائالىيىتىگە، دۆلەتنىڭ تۈرمە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىگە دەخلى - تەرۇز قىلىدۇ ھەم جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقىغا ئېغىر تەھدىت سالىدۇ.

ئىككىنچى، بۇ خىل جىنايەت ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىش، ئۇلارنى شەرتلىك قويۇپ بېرىش، جازاسىنى ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش ھەرىكىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىش، ئۇلارنى شەرتلىك قويۇپ بېرىش، جازاسىنى تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش ھەققىدە دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋە جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا ئېنىق بەلگىلىمە بار. مەسىلەن: تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار بولغاندا ① قاماقتىكى جىنايەتچىلەردىن ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، تۈرمىدە جازا ئىجرا قىلىشقا بولماي كېپىلگە بېرىپ داۋالىتىشقا تېگىشلىك بولغان بولسا؛ ② قاماققا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى ۋە قاماقتىكى مەزگىلدە ھامىلدار بولۇپ قالغان ياكى ئىمىتىۋاتقان بالىسى بار ئايال - جىنايەتچى بولسا؛ ③ مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانلاردىن تۇرمۇش جەھەتتە ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايدىغان، ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىسمۇ جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزمەيدىغان بولسا ئۇلارنىڭ جازاسىنى تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىشقا بولىدۇ. بۇ بەلگىلىمە بۇرۇنقى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى ۋە تۈرمە قانۇنىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىدە تەكىتلەنگەن بولۇپ، ئاساسلىقى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلگەن قېرى، ئاجىز، كېسەل جىنايەتچىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى بۇلار تۈرمىدە جازا ئۆتەۋاتقاندا تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمىغانلىقتىن ھەمدە جازانى تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلسا جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزمەيدىغان بولغانلىقتىن ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىشنى تەتبىقلاشقا بولىدۇ. لېكىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 214 - ماددىسىنىڭ

2 . تارمىقىنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا، جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان جىنايەتچىلەر ۋە ئۇزۇنى زەخمىلەندۈرگەن جىنايەتچىلەرگە سىرتتا داۋالىنىشقا كېپىلگە بېرىش ۋە جازاسىنى ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىشنى تەتبىقلاشقا بولمايدۇ. ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ ئالاقىدار قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ جازانى كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىش، ئۇلارنى شەرتلىك قويۇپ بېرىش، جازاسىنى ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش قىلمىشلىرى، جەمئىيەتتە ۋە تۈرمە ئىچىدە يامان تەسىر پەيدا قىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپىگە، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا شۇنىڭدەك جىنايەتچىلەرنىڭ ياخشى ئۆزگىرىشىگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. بەزى ئەدلىيە خادىملىرى نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ خىزمەتتىكى قولايلىقتىن ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش هوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قەستەن ساختىپەزلىك قىلىپ، جىنايەتچىلەرگە خىزمەت كۆرسەتتى دەپ يالغان ماتېرىيال يازىدۇ ياكى يالغان كېسەل تارىخى يازىدۇ. يەنە بەزى سوت مەھكىمىسىدىكى سوتچىلار قانۇنسىز هالدا كېسىم چىقىرىپ، جازانى كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىدۇ، شەرتلىك قويۇپ بېرىدۇ ياكى ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىدۇ. بۇ جىنايەتتىكى تۆۋەندىكىدەك قىلمىشلار ئادەتتە ئېغىر جىنايى قىلمىش هېسابلىنىدۇ. ① جىنايىتى ئېغىر بولغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتكەن، شەرتلىك قويۇپ بەرگەن ياكى ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلغان قىلمىشلار؛ ② كۆپ قېتىم قانۇنسىز هالدا جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىپ، شەرتلىك قويۇپ بېرىپ ياكى جازاسىنى ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ قانۇنىي جازاغا تارتىلماي بىخارامان يۈرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان قىلمىشلار؛ ③ قانۇنغا خىلاپ هالدا جازاسىنى كېمەيتىپ، شەرتلىك قويۇپ بېرىپ ياكى جازاسىنى ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىپ، جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلغان، خەتىرى چوڭ بولغان قىلمىشلار.

ئۈچىنچى، بۇ جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى ئالاھىدە سۇبيېكت بولىدۇ. يەنى جازاسىنى كېمەيتىشنى، شەرتلىك قويۇپ بېرىشنى تەستىقلاش هوقۇقى بولغان، كېسىم قىلىش هوقۇقى ياكى جازانى ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىشنى قارار قىلىش هوقۇقى بولغان ئەدلىيە خادىملىرىدۇر. ئۇ، جازا ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ خادىملىرىنى هەم سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچى خادىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمەن، يۇقىرىقىدەك هوقۇقلارغا ئىگە بولمىغان ئەدلىيە خادىملىرى، ئادەتتە بۇ جىنايەتنى مۇستەقىل شەكىللەندۈرەلمەيدۇ.

تۆتىنچى، سۇبيېكتىپ جەھەتتە، بۇ جىنايەت قەستەنلىكتىن شەكىللىنىدۇ. ئەدلىيە خادىملىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ هالدا جىنايەتچىنىڭ جازاسىنى كېمەيتكەن، جىنايەتچىنى شەرتلىك قويۇپ بەرگەن، جىنايەتچىنى جازاسىنى تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىشقا بۇيرىغان بولىدۇ. يۇقىرىقى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە قانۇننى تەتبىقلىغاندا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە كونكرېت مەسىلىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم.

1) قاماقتىكىلەرنى ئاسترىتتىن قويۇپ بېرىش جىنايىتى بىلەن نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ جازانى كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش جىنايىتىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم. ئۇلارنىڭ پەرقى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ. ① ئوبيېكتى ئوخشاش ئەمەس. ئالدىنقىسىنىڭ ئوبيېكتى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش پائالىيىتى بولىدۇ؛ ② ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئوخشىمايدۇ. ئالدىنقىسى قانۇنسىز هالدا قاماقتىكى جىنايەت گۇماندارىنى، جاۋابكارنى ياكى جىنايەتچىنى قويۇپ بېرىش قىلمىشى بولىدۇ. كېيىنكىسى جازانى كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ

بېرىش، ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا كېمەيتكەن، شەرتلىك قويۇپ بەرگەن ياكى تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلغان قىلمىش بولۇپ، ئىپادىلىنىدۇ؛ ③ سۇبيېكتى ئوخشاش ئەمەس. ئالدىنقىسى قاماقتىكى جىنايەتچىلەرنى نازارەت قىلىپ باشقۇرىدىغان ئەدلىيە خادىملىرى بولىدۇ. كېيىنكىسى بولسا جازانى ئىجرا قىلىدىغان ئەدلىيە خادىملىرى بولۇپلا قالماي بەلكى سوتچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) بۇ خىل جىنايەت بىلەن خىزمەتتىكى خاتالىق ھەم كەسپىي جەھەتتىكى تەجرىبىنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن خاتا ھالدا جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، جازاسىنى ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىشنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش كېرەك. خاتا ھالدا جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش قىلمىشىنى سادىر قىلغۇچىدا قەستەنلىك بولمايدۇ. بۇ خىل جىنايەت بىلەن قانۇنىي تەرتىپلەرگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. ئەگەر جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش ياكى جازاسىنى ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كەلسىمۇ، لېكىن ئەدلىيە خادىملىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەرگە خىلاپ ھالدا جازانى كېمەيتكەن، شەرتلىك قويۇپ بەرگەن، ۋاقىتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلغان بولسا، ئۇنى مەزكۇر جىنايەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ. جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 401 - ماددىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇ جىنايەتنى شەكىللەندۈرگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ. قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

زەينۇللا، سەلىمە تەھرىرلىدى

## بىلىۋېلىڭ

دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ بۇرۇنقى قانۇن دوختۇرلۇق ئىلمىي ئەسىرى -- «ناھەقلىقنى ئاقلاش خاتىرىسى» ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇزاق مۇددەت ئەدلىيە ئەمەلدارى بولغان سوڭ شى دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ مول بولغان دېلو بېجىرىش تەجرىبىسىگە ئاساسەن، سۇڭ سۇلالىسى لىزوڭ مىڭيۇنىڭ 7 - يىلى (مىلادى 1247 - يىلى) «ناھەقلىقنى ئاقلاش خاتىرىسى» نى يېزىپ چىققان. كىتاب جەمئىي ئىككى جىلد بولۇپ، 53 تۈرگە بۆلۈنگەن، ئۆلۈش، يارىلىنىش ھادىسىسىنى تەكشۈرۈش. ئۆلۈش، يارىلىنىش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش ۋە تەكشۈرۈش رەسمىيەتلىرى، ئۇسۇللىرى قاتارلىقلارغا قارىتا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىزاھات بېرىپ تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن.

# توختام قانۇنى ھەققىدە قىسقىچە ساۋات

ئابدۇكېرىم ھوشۇر

(ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى قانۇن فاكۇلتېتى)

يېڭى توختام قانۇنىنىڭ ماقۇللىنىشى دۆلىتىمىزنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشىدىكى بىر يېڭى نامايەندە.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ توختام قانۇنى» 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەم 1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. بۇ قانۇنىنىڭ ماقۇللىنىپ يولغا قويۇلۇشى دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش مۇساپىسىدىكى مۇھىم بىر يېڭى نامايەندە، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق ساھەسىدىكى بىر چوڭ ئىش. بۇ قانۇنىنىڭ 1 - ماددىسىدا توختام تۈزۈشكەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرتىپنى ساقلاش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت مەقسەت ئېنىق ئىپادىلەنگەن. بۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ تىپىك قانۇنىي كاپالىتى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشتىكى زور بىر تەدبىر.

توختام قانۇنى 3 قىسىم، 23 باب، 428 ماددا بولۇپ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، مەزمۇنى يېڭى، چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ ۋە جەمئىيەت ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان توختامغا دائىر قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەپ، توختامغا دائىر ئىشلارنى قېلىپلاشتۇرىدىغان، ھەق تەلەپ قانۇن سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئاساسلىق قانۇنلارنىڭ بىرى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ شانلىق 50 يىللىقى داغدۇغىلىق تەبرىكلىنىۋاتقان خاسىيەتلىك كۈندە بۇ قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۇنتۇلغۇسىز تارىخىي ئەھمىيەتلىك چوڭ ئىش.

2. دۆلىتىمىز توختام قانۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇئەييەن بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتتى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشقا يۆتكىلىپ، دۆلەتنىڭ دېموكراتىيە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى. شۇندىن باشلاپ توختام قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىلىپ توختام قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىش مۇساپىسى باشلاندى. تۇنجى بولۇپ 1981 - يىل 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» ماقۇللىنىپ 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. 1985 - يىل 3 - ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چەت ئەلگە چېتىشلىق ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» ماقۇللىنىپ يولغا قويۇلدى. 1987 - يىل 6 - ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېخنىكا توختامى قانۇنى» ماقۇللىنىپ يولغا قويۇلدى. 1986 - يىل 4 - ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى» ماقۇللىنىپ، ئۇنىڭدا توختامغا دائىر پرىنسىپال بەلگىلىمىلەر بەلگىلەندى، بۇلاردىن باشقا يەنە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

دائىمىي كومىتېتى مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى. گوۋۇيۈەن ئىقتىسادىي توختامغا دائىر قائىدە - نىزام، تەپسىلىي پرىنسىپلارنى تەستىقلاپ تارقاتتى. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى قاتارلىق ئورگانلار توختامغا دائىر نۇرغۇن ئەدلىيىلىك ئىزاھاتلارنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ توختام قانۇنىنىڭ ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، توختام قانۇنىنى تۈزۈشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلدى. بۇ بىر قاتار قانۇن - نىزاملارنىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئۇزاق يىللىق تەجرىبىلەر مۇكەممەل بىر توختام قانۇنى كودېكسىنى تۈزۈپ چىقىشقا ئاساس سالدى. بۇلار دۆلىتىمىزنىڭ توختام قانۇنىنى ئۇنۇملۇك تۈزۈپ چىقىشتىكى قىممەتلىك بايلىق.

بىراق 80 - يىللاردا تۈزۈلگەن توختامغا دائىر قانۇن - نىزاملار توختامغا ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرتىپنى ساقلاش، توختام ئىشلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇنلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىغان بولسىمۇ، تۆۋەندىكىدەك بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەلىپىگە زىچ ماسلىشالمىدى. (1) ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتىن ئېيتقاندا، بۇ قانۇنلار پىلانلىق ئىگىلىك، تاۋار ئىگىلىكى ۋە بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش دەۋرىدە تۈزۈلگەچكە بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى، تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى قىيىن ئىدى. شۇڭا ئۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش ۋەزىيىتىگە ئانچە ئۇيغۇنلىشالمىدى. (2) قانۇن چىقىرىش شارائىتىدىن ئېيتقاندا، بىرلىككە كەلگەن مۇكەممەل بىر توختام قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىش شارائىتى پىشىپ يېتىلمىگەچكە ئايرىم تارماق قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىشقا توغرا كەلدى. ئەمەلىيەتتە «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى»، «چەت ئەلگە چېتىشلىق ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» ۋە «تېخنىكا توختام قانۇنى» مۇئەييەن تاۋار ئىگىلىكى، بازار ئىگىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەڭشەش دائىرىسى ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن، توختام قانۇنىنىڭ ئومۇملاشقان سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرەلمىدى. (3) مەزمۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، توختام مۇناسىۋەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرىدىغان پرىنسىپلىق ئۆلچەم ۋە تۈزۈملەر كەمچىل بولۇپ، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن توختام تۈرلىرىگە ماسلىشالمىدى. (4) توختامغا دائىر ھەرقايسى قانۇنلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلاردا بەزى تەكرارلىنىش، بىردەك بولماسلىق، بىر - بىرىگە زىت ئەھۋاللار كۆپ بولۇپ، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، بىر تۇتاش قوللىنىدىغان مۇكەممەل بىر توختام قانۇن كودېكسىنى تۈزۈپ چىقىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. (5) توختام قانۇنىنىڭ رولى جەھەتتىن ئېيتقاندا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان توختامدىن پايدىلىنىپ، توختامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، دۆلەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان قىلمىشلار كۆپىيىشكە باشلىدى. مۇشۇ خىل قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىش، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرتىپنى ساقلاشتا مۇشۇنداق بىر مۇكەممەل قانۇننى تۈزۈپ چىقىش نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ئېھتىياجغا ئاساسەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ توختام قانۇنى» تۈزۈپ چىقىلدى.

3. توختام قانۇنىنىڭ ماقۇللىنىپ يولغا قويۇلۇشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. (1) توختام قانۇنىنىڭ ماقۇللىنىشى دۆلىتىمىزنىڭ مۇكەممەل بولغان ھەق تەلەپ قانۇن سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ھەق تەلەپ قانۇن كودېكسىنى تۈزۈشكە ئاساس سالدى. (2) توختام قانۇنىنىڭ ماقۇللىنىشى دۆلىتىمىز توختام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ بىرلىكىنى ئىپادىلىدى. دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىكى زور بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۇ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە

قىلىش، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم بىر نەتىجە. (3) توختام قانۇنى قۇرۇلما جەھەتتىن بولسۇن، مەزمۇنىنىڭ موللىقى جەھەتتىن بولسۇن، تىل - يېزىق ۋە لوگىكا جەھەتتىن بولسۇن يۇكسەك ئىلمىيلىككە، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىققا ۋە ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشقان. بۇ قانۇندا چەت ئەللەرنىڭ قانۇن چىقىرىش جەھەتتىكى تەجرىبىسى، خەلقئارا ئەھدىنامە ۋە قائىدە نىزاملاردىكى دۆلىتىمىز ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان شەكىل ۋە مەزمۇنلار قوبۇل قىلىنغان، توختامغا دائىر قائىدە - پرىنسىپلار مۇجەسسەملەشكەن.

توختام قانۇنى باراۋەر سۇبيېكتى بولغان تەبىئىي شەخس، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا توختام تۈزۈش، توختامنى ئادا قىلىش، توختامنى ئۆزگەرتىش، توختامنى ئاخىرلاشتۇرۇش، توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار-نىڭ جاۋابكارلىقىنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت توختام مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەيدىغان، توختام تۈزۈشكەن ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ قانۇنى ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرتىپىنى ساقلاش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە غايەت زور رول ئوينايدىغان، زور ئەۋزەللىككە ئىگە مۇھىم بىر قانۇن.

4. توختام بىر خىل قانۇنى ئاتالغۇ بولۇپ ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

توختام بىر خىل قانۇنى ئاتالغۇ. 1986 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇن ئومۇمىي قائىدىسى» نىڭ 85 - ماددىسىدا: «توختام ئالاقىدار تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا ھەق تەلەپ مۇناسىۋىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە توختىتىش ھەققىدىكى كېلىشىمدۇر» دەپ بەلگىلەنگەن. توختام ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى، دۆلىتىمىزنىڭ «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى»، «چەت ئەلگە چېتىشلىق ئىقتىسادىي توختام قانۇنى»، «تېخنىكا توختامى قانۇنى» قاتارلىق توختام قانۇنلىرىدىمۇ توختامغا دائىر ئۇقۇملار ۋە توختامغا دائىر تۈزۈملەر بەلگىلەنگەن. بۇ قېتىم توختام قانۇنىنىڭ 2 - ماددىسىدا توختام ھەققىدە ئېنىق تەبىر بېرىلگەن. يەنى بۇ قانۇندا ئېيتىلغان توختام باراۋەر سۇبيېكتىپ بولغان تەبىئىي شەخس، قانۇنىي ئىگە، باشقا تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ھەق تەلەپ ھوقۇق - مەجبۇرىيەت مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىش، ئۆزگەرتىش، ئاخىرلاشتۇرۇش ھەققىدىكى كېلىشىمدۇر. بۇ، توختام ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى، ئەڭ تولۇق، ئەڭ كونكرېت تەبىر بولۇپ، ئۇنىڭدا توختامنىڭ مەزمۇنى، ئالاھىدىلىكى يۇكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلانغان. بۇ، توختام ھەققىدىكى ئۇقۇمنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەنلىكى، تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، توختام دېگەن ئۇقۇم ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، تاۋار ئالماشتۇرۇش جەھەتتىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان ۋە تەرەققىي قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر خىل قانۇنى مۇناسىۋەتكە ئايلىنىپ، قانۇنى شەكىلگە ئىگە بولغان. ئۇ بىر خىل قانۇن - تۈزۈم بولۇش سۈپىتى بىلەن قۇللۇق جەمئىيەت، فېئوداللىق جەمئىيەت، كاپىتالىستىك جەمئىيەت ۋە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. ھەرقايسى دەۋردىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۈزۈمى ئوخشاش بولمىغاچقا توختام ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ئانچە ئوخشاپ كەتمىدى ھەم بىردەك بولمىدى.

دۆلىتىمىز توختام قانۇنىدا توختام ھەققىدە ئەڭ ئىلمىي چۈشەنچە بېرىپ بىزنى ئېنىق تونۇشقا ئىگە قىلدى. بۇ توختام ھەققىدىكى قاراشلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىزنىڭ ئەڭ ئېنىق قانۇن ئاساسى. بۇ ئۇقۇمغا ئاساسلانغاندا توختام تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1) توختام باراۋەر سۇبيېكتىلارنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى مۇناسىۋىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى بىر خىل قانۇن ھەرىكىتىدۇر. توختام مۇناسىۋەتلىرىنى شەكىللەندۈرىدىغان تەبىئىي شەخس، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار باراۋەرلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ توختام مۇناسىۋىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

2) توختام ھەق تەلەپ ھوقۇق - مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش، ئۆزگەرتىش، ئاخىرلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. توختام بىر خىل ھەق تەلەپ قانۇن ھەرىكىتى بولغاچقا، ئۇ مەلۇم ھەق تەلەپ قانۇن ئاقىۋىتى پەيدا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ بۇ خىل ئاقىۋەت ئالاقىدار تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا قەرز پەيدا قىلىدۇ، قەرزنى ئۆزگەرتىدۇ، قەرزنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئالاقىدار تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا قانۇنى ئاقىۋەت پەيدا قىلالمايدىغان كېلىشىم توختام بولمايدۇ.

3) توختامدا ھەق تەلەپ ھوقۇق - مەجبۇرىيەت مەزمۇن قىلىنغان بولىدۇ. توختام ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ھەق تەلەپ مۇناسىۋىتىنى پەيدا قىلىدىغان پىكىر ئورتاقلىقى بولغاچقا، بۇ خىل ئالاقىدار تەرەپلەر ھەق تەلەپ ھوقۇقىغا ئىگە ھەم ھەق تەلەپ مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن توختام سۇبيېكتى مۇناسىپ ھەق تەلەپ ھوقۇق ئىقتىدارىغا ۋە ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش لازىم.

4) نىكاھ، بېقىۋېلىش، ۋەسىيلىك قاتارلىق جىسمانىي مۇناسىۋەتلەرگە دائىر كېلىشىملەر توختام قانۇنىدىكى توختام دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. ئۇنىڭغا باشقا قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە تەدبىق قىلىنىپ، توختام قانۇنى تەتبىق قىلىنمايدۇ.

5) قانۇن بويىچە تۈزۈلگەن توختام قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. يەنى قانۇن بويىچە تۈزۈلگەن ھامان، توختام تۈزگۈچىلەرگە قارىتا قانۇن جەھەتتە چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. توختام تۈزگۈچىلەر توختامدا پۈتۈشكەن مەجبۇرىيەتلەرنى شۇ بويىچە ئادا قىلىش لازىم. توختامنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىشكە ياكى بىكار قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. قانۇن بويىچە تۈزۈلگەن توختام قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. توختام قانۇنى ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغان قانۇنى ھەرىكەت بولغاچقا، ئۇ قانۇننىڭ قوغدىشىغا مۇھتاج. ئالاقىدار تەرەپلەر قانۇن بويىچە تۈزۈلگەن توختامدىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلمىغاندا، قانۇن ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ زىيانغا ئۇچرىغان تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. يەنى ھوقۇق چوقۇم قانۇن بويىچە كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. مەجبۇرىيەت چوقۇم قانۇن بويىچە ئادا قىلىنىدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

**زەينۇللا، سەلىمە خوجا تەھرىرلىدى**

(بېشى 54 - بەتتە)

بۇنداق كىشىلەرنى ئەستايىدىل ئىنقىلاپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دائىم تەييار تۇرۇپ، دائىملىق ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتنى ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قوشۇن بولمايدىكەن جىنايەتچىلەرگە ئىجەللىك زەربە بەرگىلى، خەلقنى كۈچلۈك قوغدىغىلى بولمايدۇ.

**ئايگۈل ئىبراھىم تەھرىرلىدى**

# ساقچىخانىلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى رولى توغرىسىدا

سەمەت يۈسۈپ
ئابلىكىم جۇمە

(ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنىستىتۇتى ج خ فاكۇلتېتى)

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش — پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردە ئوتتۇرىغا قويغان جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ھەل قىلىشتىكى يېتەكچى فاڭجېنى بولۇپ، بىر تۈرلۈك زور سىستېما قۇرۇلۇشىدۇر. ئۇنىڭ مەزمۇنى — ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، دۆلىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس سىياسىي ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، ج خ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مەخسۇس خىزمىتى بىلەن ئاممىۋى خىزمەتنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى سىستېما، خەلق تەشكىلاتلىرى، تارماقلار، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان تەشكىلاتلار ۋە كەڭ ئاممىغا تايىنىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي، قانۇن، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق كۆپ خىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، «زەربە بېرىش، ئالدىنى ئېلىش، تەربىيىلەش، باشقۇرۇش، قۇرۇش، ئۆزگەرتىش» تىن ئىبارەت ئالتە تەرەپتىن كۈچ چىقىرىپ، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلغۇچىلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۆزگەرتىش، ئازغانلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەب ۋە شارائىتنى پايال تۈگىتىش ئارقىلىق ياخشى، مۇقىم بولغان جەمئىيەت ئامانلىق تەرتىپى ئورنىتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئامان - ئېسەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش — رەھبەرلىك قىلىدىغان كۈچنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەنلىكى، قاتنىشىدىغان سۇبيېكتلارنىڭ كەڭلىكى، ئۇسۇل، ۋاسىتە، تەدبىرلەرنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە ئۇنىۋېرساللىقى، خىزمەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى ھەم مۇرەككەپلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە.

نۆۋەتتە ئومۇمىي جەھەتتىن سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جەمئىيەتتە بىر قىسىم مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى يەنىلا مەۋجۇت. بۇنداق مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى جىنايى ھەرىكەتلەرنى، ئامانلىق دېلولىرىنى، ئامانلىق ۋەقەلىرىنى ۋە خەلق ئارىسىدىكى جېدەل-ماجىرالارنى كۆپەيتىپ، جەمئىيەت ئامانلىق تەرتىپىگە زىيان يەتكۈزۈۋاتىدۇ. شۇڭا جەمئىيەت ئامانلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا چوقۇم ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنى يولغا قويۇش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش — قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چەكلەش ۋە زەربە بېرىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئومۇملاشتۇرۇپ

تۈزەشنىڭ مەزمۇنى، ماھىيىتى، تەلىپى، خىزمەت دائىرىسى. نىشانىدىن قارىغاندا، ئۇ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئىشى ھەم پۇقرالارنىڭ ئاساسىي مەجبۇرىيىتىدۇر. ئۇنى يولغا قويۇشقا قاتنىشىدىغان ئورگانلار ئىچىدە ج خ ئورگانلىرى جۈملىدىن ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرى باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى نۇرغۇن خىزمەتلەر ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرى ئارقىلىق ئىشلىنىدۇ ۋە ئەمەلىيلىشىدۇ. شۇڭلاشقا ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ خىزمىتى بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش بىلەن بىرگە ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى رولىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش — جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە تۆۋەندىكىدەك مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ خىزمىتى بىلەن جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى

ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرى - ج خ ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلى، كۆپ ئىقتىدارلىق، ئۇنىۋېرسال جەڭگىۋار گەۋدە. ئۇ ئامما بىلەن ئەڭ كۆپ، بىۋاستە ئۇچرىشىدىغان كۆزنەك ئورۇن بولۇپ، ج خ ئورگانلىرىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشتىكى مۇھىم كۆۋرۈك ۋە بازىدۇر.

ئۇنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى - نوپۇس باشقۇرۇشنى ئاساس، ئامانلىق باشقۇرۇشنى يادرو قىلىدۇ. چېتىلىدىغان دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، سالمىقى زور، خىزمەت مىقدارى كۆپ ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ خىزمەتلەرنىڭ پۈتكۈل جەريانى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ساقچىخانا خىزمەت ئىسلاھاتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ساقچىخانا خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئالدىنى ئېلىشقا قارىتىلىپ، تۇرغۇن ھالەتتىكى باشقۇرۇش بىلەن ھەرىكەت ھالىتىدىكى باشقۇرۇش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىلدى. بۇنداق ئىسلاھات تەدبىرى ساقچىخانىلارنىڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ ھەم ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنىڭ تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىنى ئاساسقا ئىگە قىلىپ، بىر پۈتۈن جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋال شۇنى تولۇق ئىسپاتلايدۇكى، ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك بولۇش-بولماسلىقى - بىر پۈتۈن ج خ خىزمىتىنىڭ جۈملىدىن جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسە، جەمئىيەتتىكى قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر، ئامانلىق ۋەقەلىرى ۋە تۈرلۈك ئامانلىق ئاپەت ۋەقەلىرىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىگىلى، كەڭ ئاممىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشكە ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ھەممىزگە مەلۇمكى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتى ۋە ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ خىزمىتى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىگە بىۋاستە قاتناشقۇچى ۋە كونكرېت يولغا قويغۇچى ئورۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنىڭ چىقىش

نۇقتىسى ئاساسىي قاتلامغا قارىتىلغان بولۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى كۆچمە نوپۇسلارنى باشقۇرۇش، جەمئىيەت تەرتىپىنى باشقۇرۇش، ئالاھىدە كەسىپلەرنى باشقۇرۇش قاتارلىق كونكرېت خىزمەتلەر ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. بۇ خىزمەتلەرنى ئىشلەشتىكى زۆرۈر بولغان ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ قاتارلىقلارنى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ھەل قىلىپ بېرىدۇ. ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرى بۇنداق ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئارقىلىق جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ خىزمىتى بىلەن جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتى ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىدە مۇھىم ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتنىڭ ئۇزاققىچە بىخەتەر بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئازايتىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ ياخشىلىنىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنى كونكرېت يولغا قويىدىغان سۇبيېكتى، خىزمەت دائىرىسى، مەزمۇنى قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى پەرقلەر بولسىمۇ يەنىلا، ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ خىزمىتى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى ھېسابلىنىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە زور رول ئوينايدۇ ۋە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

2. ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى رولى

ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرى جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش خىزمىتىگە ئاساسلىق مەسئۇل بولىدىغان ئاساسىي قاتلام ئامانلىق باشقۇرۇش ئاپپاراتىدۇر. مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىن قارىغاندا، ئۇ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداشتىكى غوللۇق كۈچ بولۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە بىر تەرەپتىن ئاساسىي قاتلامدىكى پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۈچلۈك مەسلىھەتچىلىك، ياردەمچىلىك رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ زەربە بېرىش، ئالدىنى ئېلىش، باشقۇرۇش، تىزگىنلەشتىن ئىبارەت فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ:

1) ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرگە نىسبەتەن مەسلىھەتچىلىك، ياردەمچىلىك رول ئوينايدۇ.

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىدە پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكى ئىنتايىن مۇھىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىگە تېخىمۇ ياخشى رەھبەرلىك قىلىش ۋە تەدبىر بەلگىلىشىدە ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرى كۈچلۈك مەسلىھەتچىلىك، ياردەمچىلىك رولىنى ئوينايدۇ. بۇنداق رولى ئۇنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىدە ئۇچۇرچى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى، نازارەت قىلغۇچى، تەشۋىقاتچى ۋە ئالاقىلاشقۇچى بولۇشىدا گەۋدىلىنىدۇ.

بىرىنچى، ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە ئۇچۇرچى ھېسابلىنىدۇ.

ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرى كۈندىلىك ئامانلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا دۈشمەن ئەھۋالى، جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى، ئاجىز ھالقىلارنى ۋاقتىدا بايقاپ، ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكە دەل ۋاقتىدا ئىنكاس

قىلىپ، ئۇنىڭ توغرا تەدبىر بەلگىلەش ۋە رەھبەرلىك قىلىشىنى ئۇچۇر ئاساسلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىككىنچى، ئاساسىي قاتلام ج ىخ ساقچىخانىلىرى ئومۇملاشتۇرۇپ تۇزەشتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ج خ ساقچىخانىلىرى جەمئىيەت ئامانلىق ۋەزىيىتىدە كېلىپ چىققان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى چۈرىدىگەن ھالدا تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، پارتكوم، ھۆكۈمەتكە ئاكتىپلىق بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ ۋە پىكىرلەرنى بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ج خ ساقچىخانىلىرى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە نازارەتچى ھېسابلىنىدۇ.

ج خ ساقچىخانىلىرى ئامانلىق باشقۇرۇش قانۇن - قائىدىلىرىنى كونكرېت ئىجرا قىلىدىغان ۋە يولغا قويىدىغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلىدۇر. ئۇ، كونكرېت ئامانلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتى جەريانىدا، ئامانلىق مەمۇرىي باشقۇرۇشنىڭ ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى زاۋۇت، كان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە باشقا ئورگانلاردا ساقلىنىۋاتقان ئامانلىق ئىشلىرىدىكى يوشۇرۇن ئاپەتلەرنىڭ خەۋپى، يوچۇقلار ۋە مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى دەل ۋاقتىدا بايقاپ، ئۇنى چىقىرىپ تاشلاشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ نازارەت قىلىشىغا ماسلىشىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى تۈرلۈك بىخەتەرلىك، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ج خ ساقچىخانىلىرى ئامانلىق قوغداش ھەيئىتى قاتارلىق ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئامانلىق ساقلاش تەشكىللىرىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، نازارەتچىلىك ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

تۆتىنچى، ج خ ساقچىخانىلىرى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە تەشۋىقاتچى ھېسابلىنىدۇ. ج خ ساقچىخانىلىرى ئاممىغا بىلەن ئەڭ كۆپ ئۇچرىشىدىغان بولۇپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش جەريانىدا ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، مەركەزنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش ھەققىدىكى فاڭجېن، سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلىرىنى، ئامانلىق باشقۇرۇش قانۇن - نىزاملىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەيدۇ. ئاممىغا ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشكە قاتنىشىشتىكى ئاكتىپچانلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تىپىك ئىش ۋە شەخسلەرنى بايقاپ، ئىلغار تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلاپ پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرگە ئاكتىپ تونۇشتۇرۇپ، تۈرلۈك ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق تەشۋىق قىلىدۇ ۋە كېڭەيتىدۇ.

بەشىنچى، ج خ ساقچىخانىلىرى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە ئالاقىلاشقۇچى ھېسابلىنىدۇ. ج خ ساقچىخانىلىرى ئۇچرىشىدىغان دائىرىنىڭ كەڭلىكى، خىزمەت مەزمۇنىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە بولۇشىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىك ۋە ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن توغرا لىنىيىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشكە قاتنىشىدىغان باشقا تارماقلار ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش جەريانىدا كۆرۈلگەن ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ماسلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەمگەك، مائارىپ، تەشۋىقات، مەدەنىيەت، سودا - سانائەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ

تۈزەشنىڭ ماس قەدەم بىلەن ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

2) ج خ ساقچىخانىلىرى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى ۋە ماسلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

ج خ ساقچىخانىلىرى ج خ ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلامغا ئەۋەتكەن ئامانلىق باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئاپپاراتى بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە كۆرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرىدۇ. قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ج خ ئورگانلىرىنىڭ بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىدۇر.

ج خ ساقچىخانىلىرى ئۆزى ئۈستىگە ئالغان ئامانلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەش ئارقىلىق، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىشتا باشقا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە ئاساسىي قوشۇنلۇق ۋە ماسلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

3) ج خ ساقچىخانىلىرى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە «زەربە بېرىش، ئالدىنى ئېلىش، باشقۇرۇش، تىزگىنلەش» تىن ئىبارەت فۇنكسىيىلىك رول ئوينايدۇ.

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنىڭ دائىرىسى ئاساسلىقى «زەربە بېرىش، ئالدىنى ئېلىش، تەربىيىلەش، باشقۇرۇش، قۇرۇش، ئۆزگەرتىش» تىن ئىبارەت ئالتە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئالتە تەرەپتىكى خىزمەتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەر بىرى ج خ ساقچىخانىلىرى بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە. ئەمما ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى فۇنكسىيىلىك رولى ۋە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى — زەربە بېرىش، ئالدىنى ئېلىش، باشقۇرۇش، تىزگىنلەشتە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، زەربە بېرىش رولى.

زەربە بېرىش — ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنىڭ مۇھىم ھالقىسى، شۇنداقلا، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنىڭ باشقا تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ساقچىخانا خىزمىتىنى ئىسلاھ قىلىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ساقچىخانا خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئالدىنى ئېلىشقا قارىتىلىپ، ئۇنىڭ جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بېجىرمەيدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ زەربە بېرىشتىن ئىبارەت فۇنكسىيىسىدىن ۋاز كەچكەنلىك ئەمەس. ج خ ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى بولغان ج خ ساقچىخانىلىرى يەنىلا قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن كۆرەش قىلىشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە زەربە بېرىشتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بولۇپمۇ جەمئىيەتتىكى «ئالتە زىيانداش» قاتارلىق يىرگىنىشلىك ھەرىكەتلەرگە، ئامانلىق ۋەقەلىرى ۋە ئامانلىق ئاپەت ۋەقەلىرىگە زەربە بېرىشتە ئۇنىڭ رولى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئالدىنى ئېلىش رولى.

ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى شۇنداقلا ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنىڭمۇ توپ مەقسىتىدۇر. ئالدىنى ئېلىش — قانۇنغا خىلاپ ھەر خىل جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئازايتىش ۋە جەمئىيەت ئامانلىق تەرتىپىنى قوغداشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى بولۇپ، جەمئىيەتتىكى بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەت يۈز بېرىش ئىمكانىيىتى ۋە شارائىتىنى چىقىرىپ تاشلاشتىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتە ج خ ساقچىخانىلىرى كۈندىلىك كونكرېت ئامانلىق باشقۇرۇش پائالىيىتى ئارقىلىق ھەر تەرەپتىكى كۈچلەرنىڭ رولىنى ماسلاشتۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىش، ئامانلىق

ۋەقەلىرى، ئامانلىق ئاپەت ۋەقەلىرى، بولۇپمۇ كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى چوڭ بولغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك توپلىشىپ جېدەل چىقىرىش ۋەقەلىرىنى مۇۋاپىق، توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ۋە زورىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ ياخشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا زور خىزمەت ئەۋزەللىكىگە ئىگە.

ئۈچىنچى، باشقۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

بۇ يەردە ئېيتىلغان باشقۇرۇش ئامانلىق مەمۇرىي باشقۇرۇشنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇ خىزمەت مىقدارى كۆپ، ۋەزىپە ئېغىر بولغان نوپۇس باشقۇرۇش ۋە ئاھالىلەرنى ، سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى باشقۇرۇش، جامائەت تەرتىپىنى باشقۇرۇش، ئالاھىدە كەسىپلەرنى باشقۇرۇش، جان تومۇر ئورۇنلار ۋە نۇقتىلىق ئورۇنلارنى باشقۇرۇش، خەتەرلىك بۇيۇملارنى باشقۇرۇش قاتارلىق كەڭ دائىرىلىك خىزمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ج خ ساقچىخانىلىرى بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش، ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ئۇمۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنىڭ بىر پۈتۈن ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە ئاساس سالىدۇ.

تۆتىنچى، تىزگىنلەش رولىنى ئوينايدۇ.

تىزگىنلەش — ئاشكارا بولۇش بىلەن مەخپىي بولۇش بىرلەشتۈرۈلگەن ۋاستە بولۇپ، زامان، ماكان جەھەتتىن پۈتۈن جەمئىيەت دائىرىسىدە قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر، ئامانلىق ۋەقەلىرى ۋە ئامانلىق ئاپەت ۋەقەلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تىزگىنلەشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، ئالدىنى ئېلىشتىكى مۇھىم ھالقىدۇر. ج خ ساقچىخانىلىرى تىزگىنلەش ئارقىلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر ۋە ئامانلىق ۋەقەلىرى، ئامانلىق ئاپەت ۋەقەلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىغا يەتكۈزىدىغان زىيىنىنى ئازايتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. نۆۋەتتە ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئۇمۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ، ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مۇھىم رولىغا قارىتا بەزىلەرنىڭ تونۇشى يېتەرلىك بولماسلىقتەك خاھىش قىسمەن جايلاردا يەنىلا مەۋجۇت. ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ ئۇمۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش كېرەك.

بىرىنچى، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئۇمۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىدە ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ خىزمىتىنى تېگىشلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ئاساسىي قاتلام ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ ئۇمۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى رولىغا بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ج خ ساقچىخانىلىرىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، ۋاقىتلىق تۈزەش بىلەن تۈپتىن تۈزەشكە تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئۇمۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ خىزمىتىنى رەسمىي كۈن تەرتىپكە قويۇپ، تېگىشلىك ئەھمىيەت بېرىش بىلەن ئۇمۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنى كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە قىلىش لازىم.

ئىككىنچى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ جەھەتتىن ج خ ساقچىخانىلىرىغا بولغان سېلىنمىنى ئاشۇرۇپ، ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ ئۇمۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ياخشى بولغان تاشقى مۇھىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. نۆۋەتتە ج خ ساقچىخانىلىرىدا ساقچى كۈچى يېتىشمەسلىك، خىراجەت كەمچىل بولۇش، تېخنىكا، ئۈسكۈنىلەر قالاق بولۇش مەسىلىسى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ، ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ كۈندىلىك ئامانلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇمۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا بەلگىلىك تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى جەھەتتىن سېلىنمىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭ

خىزمىتىنىڭ نورماللىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك. ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئىسلاھ قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈرغۇن ھالەتتىكى باشقۇرۇش بىلەن ھەرىكەت ھالىتىدىكى باشقۇرۇشنى زىچ بىرلەشتۇرۇشى، تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى ئامانلىق ۋەزىيىتىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرگە ئۆز ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، توغرا رەھبەرلىك قىلىش ۋە تەدبىر بەلگىلەش ئۈچۈن ئاساس بىلەن تەمىنلىشى لازىم. ئامانلىق ساقلاش ھەيئىتى قاتارلىق ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئامانلىق ساقلاش تەشكىللىرىنىڭ خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىك ۋە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش زەربە بېرىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىۋى خىزمەت ۋە تەشۋىقات تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئارقىلىق، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىچكى خىزمەت مۇھىتى يارىتىش، باشقا تارماقلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئىلغا رتىپلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

قىسقىسى، تۈرلۈك شەكىل ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش — ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشتىكى ئاچقۇچ ۋە مۇھىم ھالقا بولۇپ، ساقچىخانا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەندىلا، ئاندىن ئومۇملاشتۇرۇپ تۈرەش خىزمىتىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

سەلىمە خوجا تەھرىرلىدى

---

# يۇمۇرلار

△ قاتناش ساقچىسى چوڭ يولدا بىر شوپۇرنىڭ پىكاپىنى كۈچەپ ئىتتىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەپەندىم، پىكاپىڭىزدىن بىرەر چاتاق چىقتىمۇ ياكى مېيى تۈگەپتىمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

— ئۇھ، ئۇنداق ئەمەس، پىراۋامنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمنى ھازىرلا بىلدىم، - دەپتۇ شوپۇر

△ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى ساقچىدىن:

— ھازىر سائەت قانچە بولدى؟ - دەپ سوراپتۇ.

— ئۆلىدىغان ۋاقتىڭ بولدى. ۋاقىتنى سوراپ نېمە قىلماقچى؟ - دەپتۇ ساقچى ئەجەپلەنگەن ھالدا.

— بۇ، ئۆمرۈمدىكى چوڭ ئىش، بۇ ۋاقىتنى ئېسىمدە ساقلاش ماڭا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم، - دەپتۇ جىنايەتچى.

# ئىككى ئادەم نۆۋەتلىشىپ يازغان پوچوركا دېلولىرىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا

ئىسمائىل ئىبراھىم

(شىنجاڭ خەلق ساقچى مەكتىپى)

پوچوركا تەكشۈرۈش — جىنايى ئىشلار تېخنىكىسىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تېخنىكىلىق ۋاستە بولۇپ، ئۇنىڭ ج خ ئورگانلىرىنىڭ پوچوركا دېلولىرىنى پاش قىلىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى ۋە باشقا جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشتىكى رولى ناھايىتى زور. 80 ـ يىللاردىن باشلاپ ئېلىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ كېڭىيىشى، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ خىلمۇ خىل بولۇشىغا ئەگىشىپ، جەمئىيەتتە بىر قىسىم يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن پوچوركا تەكشۈرۈش تېخنىكا خىزمىتىنىڭ مۇلازىمەت دائىرىسىمۇ بارغانسېرى كېڭەيدى. پوچوركا تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش يالغۇز ج خ خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە سىياسىي ئىجتىمائىي مۇقىملىقنىڭ ئېھتىياجى.

يېزىق — تىل تاۋۇشلىرىنى خاتىرىلىگۈچى يازما بەلگىلەر سىستېمىسى بولۇپ، ئېغىزچە تىل ئارقىلىق ئېيتىلىدىغان، قولاق ئارقىلىق ئاڭلىنىدىغان تىل تاۋۇشلىرى ئاساسىدىلا مەۋجۇت نەرسىگە ئايلىنىدۇ. يېزىق تىلى بولسا قول ئارقىلىق يېزىلىدىغان، كۆز ئارقىلىق كۆرۈلىدىغان يازما بەلگىلەر ئاساسىدىلا مەۋجۇت نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

يېزىق — كىشىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ياردەمچى ئالاقە قورالى بولۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ئىنتايىن زور رول ئويناپ كەلدى.

يېزىق — تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك قورال ھەم ئۇنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور.

ئىنتايىن ئاز ساندىكى دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان دۈشمەن ئۇنسۇرلار ۋە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى كومپارتىيىنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، يېزىقتىن پايدىلىنىپ ئەكسىيەتچىل تەشۋىق ۋارىقى، مۇراجىئەتنامە، «نامسىز خەت» قاتارلىق رەزىل ھەرىكەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئۆزلىرىنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان نورمال يېزىق يېزىش ئادەتلىرىنى قەستەن ئۆزگەرتىپ، نىقاپلاپ يېزىق يازغاندىن باشقا يەنە ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى غەيرىي يېزىق يېزىش ئۇسۇللىرىنىمۇ قوللىنىدۇ. مەسىلەن: قەلەمنى ئاغزىغا چىشلەپ خەت يېزىش، قەلەمنى پۇتىنىڭ بارماق ئارىلىقىغا قىستۇرۇپ خەت يېزىش، بەزىلىرى تېخى رازۋېدكا خادىملىرىنىڭ نىشانىنى باشقا ياققا بۇراپ ياكى جىنايى جازادىن ئۆزىنى قاچۇرۇش مەقسىتىدە بەزى پوچوركا دېلولىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق كىشىلەر نۆۋەتلىشىپ يېزىش ئارقىلىق دېلو سادىر قىلىدۇ.

ئىككى ئادەم نۆۋەت بىلەن بىرلىشىپ يازغان پوچوركا دېلولىرىدا، ئادەتتە ئالدىن يېزىپ چىققان ئورىگىنال بولمايدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن خىيال قىلىپ، بىر تەرەپتىن يېزىپ چىقىشتەك ئۆزلىرى خالىغانچە يېزىشتىن ئىبارەت ئىختىيارچانلىقى

كۆچلۈك بولغان ئۇسۇلنى قوللانغانلىقتىن، ئۇنىڭ كونكرېت شەكىللىرى ئەينى ماتېرىيال (تەكشۈرۈلىدىغان) دىكى كۆپ خىل يېزىق يېزىش ئادىتىنىڭ كۆپ خىل يېزىش ئۇسۇللىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئىككى ئادەمنىڭ ئۆزئارا نۆۋەتلىشىپ يازغان پوچۇركىسىدىكى ھەر خىل شەكىللەرنى خاتا ھالدا قەستەن نىقاپلانغانلىقتىن شەكىللەنگەن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. ئىككى ئادەم نۆۋەتلىشىپ يازغان پوچۇركىدا دېلو سادىر قىلغۇچىلار ئەينى ماتېرىيالدىكى ھەر بىر يالغۇز ھەرپلەرنى ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى ھەر بىر ئادەم بىر قۇردىن نۆۋەتلىشىپ يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ دېلو سادىر قىلىش مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولۇشىدۇ. بۇ خىل يېزىقلار مۇقەررەر ھالدا قەستەن نىقاپلىنىش ۋە ئالدامچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە. ئىككى ئادەم نۆۋەتلىشىپ يازغان پوچۇركا دېلولىرىدا دېلو سادىر قىلغۇچىلار سۇبيېكتىپ جەھەتتە كۆپ ھاللاردا ئىككى ئادەم نۆۋەتلىشىپ قەستەن نىقاپلىنىپ دېلو سادىر قىلىشنى ئويلاپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە يېزىقلارنى يېزىش ئۇسۇلى، يېزىش سۈرئىتى، يېزىق شەكلى ۋە قەستەن نىقاپلىنىش جەھەتلەردىكى نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرىغا سەل قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن دېلو سادىر قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ يېزىق يېزىش ئادەتلىرى ۋە يېزىق يېزىش ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى پوچۇركا دېلولىرىدا بىر - بىرلەپ ئاشكارىلاپ قويىدۇ - دە، پوچۇركا تەكشۈرۈش خىزمىتىنى مەلۇم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكلىرى مۇنداق بولىدۇ.

1. پوچۇركىنى يېزىشتىكى شارائىتى بىردەك بولمايدۇ. بۇنىڭدا يەنى، ئەينى ماتېرىيال (تەكشۈرۈلىدىغان) دا ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدىغان يالغۇز ھەرپلەر كۆپ بولۇپ، يالغۇز ھەرپلەرنى كۆپ خىل يېزىش شەكلى، بىر - بىرسىگە ئۇلاپ يېزىش شەكلى، قەلەم ھەرىكىتى، يېزىق يېزىشتىكى ھەر خىللىق ئەھۋالى، يېزىقنىڭ يېزىلىش تەرتىپىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكىنىڭ ئۆزئارا ئوخشىماسلىقى قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولىدۇ.

2. يېزىقنىڭ قۇر بىلەن قۇرنىڭ ئارلىق مۇناسىۋىتى بىردەك بولمايدۇ. ئەينى ماتېرىيالنىڭ يېزىقلىرىنى ناھايىتى تەپسىلىي، ئىنچىكىلىك بىلەن كەڭ دائىرىلىك كۆزەتكەندە، خەت بىلەن خەت ئارىلىقى، قۇر بىلەن قۇر ئارىلىقىدا قىسمەن خەتلەرنى بىر - بىرسىگە قىستاپ ناھايىتى زىچ يېزىش، بەزىلىرىدە ئارىلىقىنى ناھايىتى كەڭ قىلىپ يېزىش، يەنە بەزىلىرىنىڭ ھەرپ سىزىقچىلىرىنى بەك قالايمىقان، رەتسىز ھەتتا چۇۋالچاق يېزىش، ھەرپ گەۋدىلىرىگە ئۇلاپ يېزىشتەك ئەھۋاللار يۈز بېرىپ، پۈتۈن پوچۇركا ماتېرىيالىدىكى يېزىقلارنىڭ قۇرلىرى چوڭ - كىچىك، كەڭ - تار، ئېگىز - پەس، ئەگرى - بۈگرى بولۇش قاتارلىق شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ.

3. ھەرپ شەكلىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىردەك بولمايدۇ. ئەينى ماتېرىيالدا ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل يېزىق شەكلى كۆرۈلىدۇ. يەنى ھەرپىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولماسلىق ئۇلارنىڭ يېزىق يېزىش ئادەتلىرىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مانا بۇ ئوخشاش بولمىغان ئادەملەرنىڭ يېزىق يازغان ۋاقتىتىكى پوچۇركا ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

4. يېزىق يازغاندا، يېزىق چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قەغەز يۈزىگە چۈشكەن بېسىم كۈچىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى ئوخشىمايدۇ. ئىككى ئادەم نۆۋەتلىشىپ يازغان پوچۇركىدا، قەلەم ھەرىكىتىدىكى قەغەز يۈزىگە چۈشكەن قەلەمنىڭ بېسىم كۈچىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى، قەلەمنىڭ ئۇشتۇمتۇت توختاپ قېلىشى، قەلەمنىڭ قەغەز يۈزىگە چۈشكەن بېسىم كۈچىنىڭ ھەرپ سىزىقچىلىرىدا كۆرۈلىدىغان ھەر خىل ئىنكاسى، ھەرپ سىزىقچىلىرىنىڭ يېزىلىش سۈرئىتىنىڭ تېز ياكى ئاستا، ئۇزۇن ياكى قىسقىلىقىنىڭ ئۆزئارا ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن يېزىقلارنى يازغاندا قەغەز يۈزىدىكى قەلەمنىڭ بېسىم كۈچىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى، ھەرپ سىزىقچىلىرىنىڭ توم - ئىنچىكە يېزىلىشى قاتارلىقلار ئوخشاش

بولمايدۇ. دېلودىكى ماتېرىياللارنىڭ سىيالىرىنىڭ قېنىق ياكى سۇسلىقى جەھەتتە ئوخشاش بولماسلىقتەك ئەھۋاللار شەكىللىنىدۇ. بۇ خىلدىكى پوچۇركىلارنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، بولۇپمۇ يېزىقلارنىڭ يېزىلىش تەرتىپىدە قەلەمنى باشلاش نۇقتىسى، قەلەمنى ئايلاندۇرۇش ھەرىكىتى، قەلەمنى توختىتىش نۇقتىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش ھەرىكەت داۋامىدىكى قەلەمنى يېزىپ كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت توختىتىش ھالىتى، توختىتىش نىشانى قاتارلىق ئالاھىدىلىك ۋە ئىنچىكە خۇسۇسىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىش لازىم.

5. پوچۇركىنى يېزىش جەريانىدا ھەر بىر ھەرپنى بىر - بىرىسىگە ماسلاشتۇرۇپ يېزىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. ئاساسلىق يالغۇز ھەرپلەرنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىگە قويۇلغان بەلگىلەر ۋە تىنىش بەلگىلىرىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ۋە دەل جايىغا قويۇش ئادەتلىرىمۇ ئوخشاشمايدۇ، بەزى كىشىلەر يېزىقلارنى مەلۇم ئىجتىمائىي قائىدە ۋە يېزىق يېزىش تەلىپى بويىچە يېزىشقا ئادەتلەنگەن بولسا، يەنە بەزىلەر بۇ تەلەپلەردىن ناھايىتى يىراق. بولۇپمۇ بەزى ھەرپلەرنىڭ بەلگە ئالامەت ۋە تىنىش بەلگىلىرىنى ئۆز جايىغا قائىدە بويىچە قويۇشتا ئىككى ئادەمنىڭ نۆۋەتلىشىپ يازغان پوچۇركىسىدا، بىر ئادەمنىڭ ھەرپ گەۋدىسىدىن يىراق، ئېگىز - پەس، چوڭ - كىچىك، ئۇزۇن قىسقا، كەڭ - تار، ھەتتا قىڭغىر قىلىپ قويۇشلىرى بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ پوچۇركىسىدىكى پەرقلەرنى روشەن ھالدا چېلىقتۇرغىلى بولىدۇ. مانا بۇ ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ يېزىق يېزىش ئادىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن كېلىپ چىققان ئالاھىدىلىكلەر بولۇپ، بۇ ئادەتلەرنى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگەرتىۋېتىش ئوڭاي ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى ئادەمنىڭ نۆۋەتلىشىپ يازغان پوچۇركا دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ، توغرا ئىلمىي يەكۈن چىقىرىشتا، تەكشۈرگۈچى خادىملار بۇ مۇھىم نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرنىڭ شەكىللىنىش جەريانى بىلەن كونكرېت سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىپ، تەكشۈرۈپ باھالاشتا خاتا يەكۈن چىقىرىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئىككى ئادەمنىڭ نۆۋەتلىشىپ يازغان پوچۇركىسىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئالدى بىلەن ھەرپلەرنىڭ ھەر خىل شەكىلدە، كۆپ خىل ئۇسۇل بىلەن يېزىلىدىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. مەسىلەن: يالغۇز ھەرپلەرنى كۆپ خىل يېزىش ئۇسۇلى، ھەرپ سىزىقچىلىرىنى يېزىشتىكى ئىلگىرى - كېيىنكىلىك تەرتىپى، ھەرپلەرنى بىر - بىرىسىنىڭ گەۋدىسىگە تۇتاشتۇرۇپ يېزىش ھەرىكىتىدىكى نىشانى ۋە يۆنىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ يېزىق يېزىش ئادىتىنى توغرا پەرقلەندۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ھەر بىر ئادەمنىڭ يېزىق يېزىش ئادىتى مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا، تەكرار مەشىق قىلىش ياكى ئۇزۇن مۇددەت كۆپ قېتىم تەكرارلىنىش ئارقىلىق ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئوڭايلىقچە ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان بىر خىل ھەرىكەت. شۇڭلاشقا، ئەگەردە ئەينى ماتېرىيالدا يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار شەكىللەنسە، بۇنىڭدا ئىككى ئادەمنىڭ نۆۋەتلىشىپ يېزىش ئېھتىماللىقىنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئويلىنىپ كۆرۈش ئىنتايىن زۆرۈر. ئۇندىن باشقا يەنە تەكشۈرگۈچى خادىملار تەكشۈرۈش داۋامىدا، چوقۇم ماھىيەتلىك بولغان قەلەم ھەرىكىتى راۋان، باشتىن - ئاخىرىغىچە بىر خىل ئۇسلۇبتا مۇقىم ئۆزگەرمەي يېزىلغان پوچۇركىلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ بەلگىلەپ، شۇلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇقىم ئۆزگەرمەس ئىنچىكە ئالاھىدىلىك ۋە خۇسۇسىيەتلەرنى تېپىپ چىقىشقا ماھىر بولۇش لازىم. بولۇپمۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ماھىيىتى سانى، قىممىتى، سان - سۈپىتىنى پەرقلەندۈرۈپ ھۆكۈم قىلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. يېزىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئومۇملۇق دائىرىسى ئىچىدە ئورتاق يېزىش جەريانىدا، دوراپ ئۆگىنىش ۋە دوراپ يېزىش نەتىجىسىدە ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ پوچۇركىسىدا ھامان مەلۇم تەرەپلەردە ئورتاقلىق

نوقتىلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇ ئورتاقلىق نوقتىلار پەقەت پوچوركىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئۆزئارا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنىلا ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، پوچوركىنىڭ بىرلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، پوچوركا ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش جەريانىدا، پوچوركىلارنىڭ ئۆزئارا ئومۇمىي كۆرۈنۈش جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياكى ئوخشاشمايدىغان جايلىرىدىلا گاڭگىراپ توختاپ قالماستىن، بەلكى پوچوركىلارنىڭ ئىنچىكە ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىدىكى پوچوركا ئالاھىدىلىكلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ سېلىشتۇرۇپ، ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن ئوخشاش بولمىغان ئادەملەرنىڭ يازغان پوچوركىسىدىكى ماھىيەتلىك ئوخشاشلىق بىلەن ماھىيەتسىز پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئىككى ئادەمنىڭ نۆۋەتلىشىپ يازغان پوچوركا ئالاھىدىلىكىنى پەرقلەندۈرۈپ توغرا باھا بەرگىلى بولىدۇ. ئەينى ماتېرىيالنى تەكشۈرگەندە ئىككى ئادەمنىڭ يېزىق يېزىش ئادىتى ئىنكاس قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، نوقتىلىق زور گۇمانلىق ئادەمنىڭ پوچوركا نۇسخا ماتېرىيالىنى توپلاش بىلەن بىللە، دېلو يۈز بەرگەن ئەتراپتىكى ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ پوچوركا نۇسخا ماتېرىياللىرىنى توپلاشقىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، تەكشۈرۈپ تەھلىل - تەتقىق قىلىش جەريانىدا پوچوركا ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈش ھەم پوچوركىلارنىڭ كېلىش ئاساسىي مەنبەسىنى ئىزدەپ تېپىش بىلەن بىرگە مۇكەممەل بولغان بىر پۈتۈن ھۆججەت ماتېرىياللارنىڭ ئۆزىدىكى بىرلىكلىكىنى تېپىشقا ئاسانلىق يارىتىقلى بولىدۇ.

**سەلىمە خوجا تەھرىرلىدى**

# يۇمۇرلار

△ ئەگەر سىز مېنى پەقەت بىرىم يىللا قاماقتا ياتىدىغان قىلالىسىڭىز، سىزگە ئىش ھەققىدىن سىرت يەنە 1000 ئامېرىكا دوللىرى بېرىمەن، - دەپتۇ جاۋابكار ئۆزىنىڭ ئادۋوكاتىغا:

نەتىجىدە جاۋابكار مەقسىدىگە يېتىپتۇ.

— بۇ قىيىن ئىش بولدى، ئەسلىدە سوتىيە سىزنى گۇناھسىز دەپ قويۇپ بەرمەكچى ئىكەن، - دەپتۇ ئادۋوكات پۇلنى ئېلىۋېتىپ.

△ موماي بىلەن نەۋرە قىزى دوختۇرخانىغا بېرىپتۇ.

— كېيىمىڭىزنى سېلىڭ گۈزەل قىزچاق، - دەپتۇ دوختۇر.

— ياق، دوختۇر! ئاغرىق كىشى مەن بولىمەن، - دەپتۇ موماي.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا تىلىڭىزنى چىقىرىڭ، - دەپتۇ دوختۇر.

# دۆلىتىمىزدە شىركەت قانۇنى تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

غەيرەت نۇرەخمەت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتى)

شىركەت قانۇنى «شىركەت» نىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان ۋە مۇكەممەللەشكەن بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان يولغا قويۇلغان سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش سىياسىتىنىڭ تورتكىسىدە ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1993 - يىلى 11 - ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 14- نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بىرقانچە مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار» دا «هازىرقى زامان كارخانا تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش — ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ نىشانى؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا شىركەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، هازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى؛ قېلىپلاشقان شىركەت مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئىگىدارلىق هوقۇقى بىلەن كارخانا تىپىدىكى قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ مال - مۈلۈك هوقۇقىنى ئايرىشنى ئۈنۈملۈك تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ؛ ئۇ مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىشقا، ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە پايدىلىق بولۇپ، كارخانىلارنى مەمۇرىي ئورگانلارغا تايىنىشتىن خالى قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ كارخانىغا ۋەكالىتەن چەكسىز مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى بىكار قىلىدۇ. ئۇ مەبلەغ توپلاپ، خېيىم - خەتەرنى تارقاقلاشتۇرۇشقا پايدىلىق.» دەپ كۆرسىتىلدى.

هازىرقى زامان كارخانا تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئېلىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاهات نەتىجىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە چەت ئەلنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىزنىڭ ئىسلاهات ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى مەقسەت — بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان كارخانا تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، 1979 - يىلدىكى ئىسلاهات ئاساسلىقى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى كېڭەيتىش مەسىلىسى بولدى. ئەمما ئىسلاهات نەتىجىسىدە كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى يەنىلا مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. هوقۇق تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ شىركەت يەنىلا ئەمەلىي هوقۇققا ئىگە بولالمىدى. شۇڭا دۆلىتىمىز بۇ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى قانۇنى» نى ئېلان قىلدى. لېكىن بۇ قانۇن يەنىلا مەسىلىنى هەل قىلىپ كېتەلمىدى. قانۇنىي ئىگە بولغان كارخانىلارغا بارلىق هوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، كارخانا بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى هەل قىلىش ئۈچۈن هۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. نەتىجىدە بىر قىسىم كارخانىلار ئۈنۈمگە ئېرىشكەن بولسىمۇ لېكىن يەنە بىر قىسىم كارخانىلار ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى. بۇ،

كارخانا مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن بەلكى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە مەسىلىسى ئىدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ھوقۇق بولمىدى. يەنى ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ تەۋەلىكى ئېنىق بولمىدى. ھازىرقى بازار ئىگىلىكىدىكى تاۋار مۇناسىۋىتى ئەمەلىيەتتە ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش دېگەنلىكتۇر. ئەمما دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى كارخانىلاردا ئىگىدارلىق ھوقۇقى بولمايدۇ، پەقەت ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىلا بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەمۇرىي ھوقۇق بىلەن ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئايرىلمىدى. مەلۇم بىر تارماق ياكى ئىدارە ھەم ھاكىمىيەت ئورگىنى ھەم شۇ كارخانىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزگۈچى بولدى. بۇ مەسىلەرنى ھۆددىگەرلىك توختىمى ھەل قىلالمىدى. ئىجارە تۈزۈمى تېخىمۇ كارغا كەلمىدى. پەقەت مۇكەممەل بولغان كارخانا تۈزۈمىنى ئورناتقاندىلا بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولاتتى. چۈنكى ھازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمى شىركەتنى ئاساس قىلىپ كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىب بىرلىكتە مەۋجۇت بولغان، مەبلەغ سالغۇچىلار ئۆزى تاللاش تۈزۈمىدىن ئىبارەت. شىركەتنىڭ ئەۋزەللىكى شۇكى: ئۇ بىرىنچىدىن، ئاز ياكى كۆپ مەبلەغنى تېز سۈرئەتتە توپلىيالايدۇ. ئىككىنچىدىن، ناھايىتى زور خېيىم - خەتەرنى تارقاقلاشتۇرالايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئىگىلىك تەرەققىياتىنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرالايدۇ. ئەمما كارخانىلارنى شىركەتلەشتۈرۈش مۇتلەق ئەمەس. چوڭ كارخانىلار ئەلۋەتتە شىركەت شەكلىگە ئۆتۈش كېرەك. ئەمما چوقۇم ئۆتۈش شەرت ئەمەس. جۇملىدىن دۆلىتىمىزدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار بىلەن كوللېكتىپ كارخانىلار خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شىركەت قانۇنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. چۈنكى ئۇ بىرىنچىدىن، سودا قانۇنىنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇھىم تارماق بولۇپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تىجارەت سۇبيېكتىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ. بازار ئىگىلىكىدىكى تىجارەت سۇبيېكتى قانۇن بويىچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا شەكلىدىكى قانۇنىي ئىگە بىلەن تەبىئىي شەخستىن ئىبارەت. بۇ ئىككىسىنىڭ قانۇندىكى ئورنىنى شىركەت قانۇنى قېلىپلاشتۇرىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ ئورنى، ھوقۇق - مەجبۇرىيىتى، پاي چېكى تارقىتىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى قېلىپلاشتۇرۇپ، بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، شىركەت كۆپ خىل كارخانا شەكلى ئىچىدە ھازىرقى بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەڭ ياخشى ماسلىشالايدىغان بىر خىل ئىقتىسادىي تەشكىلىي شەكىلدىن ئىبارەت. شىركەت ھەم ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ مەنپەئەتىنى ھەم تىجارەت قىلغۇچىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىيالايدۇ. ئۇ مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى پايچېكلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇرىدۇ. شىركەت قانۇنى ھەق تەلەپ، سودا ۋە ئىقتىسادىي قانۇنلار بىلەن ئەڭ قويۇق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇپ، تىجارەت سۇبيېكتىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى چەكلەش تۈزۈلمىسى پەقەت ھەق تەلەپ قانۇنى، سودا قانۇنى ئارقىلىق ئورنىتىلىدۇ. بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىياتقا ئىگە قىلىشنى تىجارەت سۇبيېكتىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى چەكلىشىگە تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. بەلكى بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئۆز رولىنى يوقاتقاندا دۆلەت ئۇنىڭغا ئارىلىشىش كېرەك. ئەلۋەتتە بۇ يەردىكى ئارىلىشىش ئىلگىرىكىدەك مەمۇرىي بۇيرۇق ئارقىلىق ئارىلىشىش ئەمەس بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەڭشەش رولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر. شۇڭا ئىقتىسادىي قانۇن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى قوغداش ئارقىلىق بۇ جەھەتتىكى رولىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئادەتتە ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ خۇسۇسىي خاراكتېرى بىر قەدەر يۇقىرى، ئىقتىسادىي قانۇننىڭ ئومۇم خاراكتېرى بىر قەدەر كۈچلۈك. شۇڭا پەقەت ئومۇملاشقان خۇسۇسىي قانۇن ھېسابلانغان شىركەت قانۇنىلا بۇ زىددىيەتنى ھەل

قىلىپ، بازاردىكى تىجارەت سۇبيېكتىنىڭ قانۇندىكى ئورنىنى كۈچەيتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، 1993 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تەكشۈرۈپ تىزىمغا ئالدۇرغان تۈرلۈك شىركەتلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 830 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. شىركەت سانىنىڭ بۇنداق تېز سۈرئەتتە ئېشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىككى. ئۇنىڭ بىرى، نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىكى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقاچقا، ئىگىلىك سۇبيېكتلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى مۇقەررەر بولۇپ، نۇرغۇن يېڭى قۇرۇلغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر دائىم شىركەت شەكلىنى قوللىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ؛ يەنە بىرى، دۆلىتىمىزنىڭ شىركەت تۈزۈمىگە دائىر قانۇن قائىدىلىرىنىڭ ئانچە مۇكەممەل بولماسلىقى، جۈملىدىن شىركەتلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى، پائالىيىتى قاتارلىقلاردا قانۇن ـ قائىدىلەر ۋە قاتتىق بەلگىلەنگەن شەرتلەر يەنىلا كەمچىل. ئەمەلىيەت داۋامىدا شىركەتلەرنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى ساختا بولۇش، مەبلەغ ئۆز ئورنىغا يېتىپ كېلەلمەسلىك، ئاز مەبلەغ ئارقىلىق شىركەتلەرنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن مەبلەغ توپلاش، قىسمەن مەبلەغ ئارقىلىق قايتا ـ قايتا تىزىمغا ئالدۇرۇشتەك ئەھۋاللار ئومۇميۈزلۈك كۆرۈلمەكتە. ھەتتا نۇرغۇن ئىقتىسادىي گەۋدىلەر نام جەھەتتە شىركەت بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە قېلىپلاشقان شىركەتكە ئوخشاشماي قالدى. شۇڭا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش، شىركەتلەرنىڭ تەشكىلىي بىلەن ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، شىركەت، پايچېك ۋە ھەقدارلارنىڭ ، جامائەتنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى، ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تەرتىپنى قوغداش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش — دۆلىتىمىزدە شىركەت قانۇنى تۈزۈشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. مانا بۇ شىركەت قانۇنىنى تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىدۇر.

سەلىمە خوجا تەھرىرلىدى

# چەت ئەللەرنىڭ ھەر خىل سوت ھۆكۈملىرى

## بىمار ئايال بىلەن توي قىلىش

جەنۇبىي ئافرىقىلىق خىلانس ھىندىستاندا ساياھەت قىلىۋاتقان چېغىدا ھاراق ئىچىپ مەست بولغاندىن كېيىن ئاپتوموبىل ھەيدەپ، بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئايالنى سوقۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكتىن، سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭغا ئۆلگۈچىنىڭ تەقى ـ تۇرقى سەت ھەم بەدىنىنىڭ مۇسكۇللىرى بوشاپ، مۇستەقىل تۇرمۇش كۆچۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغان سىڭلىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى، بولمىسا ئۆلۈم يولىنى تاللاشنى ھۆكۈم قىلغان. خىلانس بۇنداق ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كېتىشنى خالىمىغانلىقتىن، ئاخىرى سوتنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ سىڭلىسىنى خوتۇنلۇققا ئالغان.

## ئوغرىغا يېنىك جەرىمانە قويۇش

ئەنگلىيىدىكى بىر بانكىنىڭ تازىلىق ئىشچىسى جورجى بىر قېتىم بىخەتەرلىك ئىشكابىنىڭ تۇتقۇچىنى سۈرتۈۋاتقاندا، بىخەتەرلىك ئىشكابىنىڭ قۇلۇپلانمىغانلىقىنى بايقاپ ئۇنىڭ ئىچىدىن 20 مىڭ فوندستېرلىڭ ئېلىۋالغان. كىشىنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، بۇ ئىش سېزىلىپ قالغاندىن كېيىن سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭغا 250 فوندستېرلىڭ جەرىمانە تۆلەشكە ھۆكۈم قىلغان ھەم ئۇنىڭ ئوغرىلىغان پۇلىنى قايتۇرۇۋالمىغان. بۇ دېلوغا قاراپ چىققان سودىيىنىڭ ئېيتىشىچە: بۇنداق ھۆكۈم بانكىدىكى خىزمەتچى خادىملارنى كېيىنكى خىزمەتلەردە ئېھتىياتچان بولىدىغان قىلىدىكەن.

(«شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 900 ـ سانىدىن ئېلىندى)

# شايكا جىنايىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەرنى كۈچەيتىش لازىم

مۆمىن لىتىپ

(شىنجاڭ ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى رازۋېد فاكۇلتېتى)

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ جەمئىيەت ئامانلىق تەرتىپى ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئامما خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلماقتا، لېكىن بەزى جايلارنىڭ ئامانلىق ئەھۋالى دېگەندەك ياخشى بولماي، ھەر خىل جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە پەيدا بولۇۋاتىدۇ، تەنھا جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن باشقا توپ ھالەتتە جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلار بەزى جايلاردا گەۋدىلىك بولماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە شايكا جىنايىتى ئەڭ گەۋدىلىك بولىۋاتىدۇ.

شايكا جىنايىتى — ئىككىدىن ئارتۇق كىشى ئوخشاش مۇددىئا ـ مەقسەتنى چىقىش قىلىپ پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا جەمئىيەتكە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغان بىر خىل توپ ھالەتتىكى جىنايەت. ئۇنىڭ ئەزالىرى ئاز دېگەندە ئىككىدىن كام بولمايدۇ، كۆپ بولغاندا بىرقانچە ئون كىشىدىن كۆپ بولىدۇ. نۆۋەتتە جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان زور، پەۋقۇلئاددە زور جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى شايكا جىنايەتچىلەر سادىر قىلماقتا. بەزى شايكا جىنايەتلىرى قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان بولۇپ، مەلۇم دائىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، زورلۇق، زومبۇلۇق قىلىپ جەمئىيەت ۋە خەلق بىلەن قارشىلاشماقتا، بەزى جايلارنىڭ بۇنداق جىنايەتكە قارىتا تونۇشى يېتەرسىز بولۇپ، زەربە بېرەلمەسلىك ھەتتا بىر تەرەپ قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماسلىقتەك ئەھۋاللار مەۋجۇت، بۇنىڭغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش، بىر قولدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى، يەنە بىر قولدا تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشنى تۇتۇش كېرەك، ئىككىلا قولدا قاتتىق بولۇش لازىم. ھەر خىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىپ، ھەر خىل رەزىل ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاش، يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىق كېرەك ... ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈپلا قالماي جەمئىيەت تەرتىپى، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىمۇ ياخشىلاش لازىم» دېگەن ئىدى. ئۇ يەنە يۈتكۈل ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، قانۇنچىلىقتا تايىنىش، پرولېتارىيات دىكتاتورىسىغا تايىنىپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قوغداپ، دىكتاتورا ۋاستىسى ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشنى تەكىتلىگەن ئىدى.

بىز شايكا جىنايىتىنىڭ زىيانلىقلىقى، خەتەرلىكلىكى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى تولۇق تونۇۋېلىشىمىز، شايكا جىنايىتىنىڭ قارا جەمئىيەتكە ئۆزگىرىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكىنى تونۇشىمىز، پارتىيە، خەلق ئالدىدا يۈكسەك دەرىجىدە جاۋابكار بولۇش روھى ۋە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن شايكا جىنايىتىگە قارشى كۈرەشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، بولۇپمۇ قارا جەمئىيەت خاراكتېرىنى ئالغان جىنايەت ئۆتكۈزۈش گۇرۇھىغا قارشى كۈرەشنى ياخشى تۇتۇشىمىز لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك «ئىككى قولدا تۇتۇش»، «ئىككى قولدا قاتتىق بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە

بېرىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى كۈچلۈك قوزغىغاندىلا، ئاندىن مۇقىم، ياخشى ئامانلىق مۇھىتىنى بەرپا قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلغىلى بولىدۇ.

يېقىنقى بىر قانچە يىللىق كۆرەش ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، بۇ خىل شايكا جىنايەتلىرى مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

① شۇ جايدا بىر يامان كۈچنى شەكىللەندۈرۈپ، مەلۇم كۈچ دائىرىسىگە ئىگە بولۇش.

② جىنايەت سادىر قىلىشنى كەسپكە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بىر خىل ياكى بىر قانچە خىل جىنايەت بىلەن شۇغۇللىنىش؛

③ ئادەم سانى ئادەتتە كۆپرەك بولۇپ، نىسبىي مۇقىم بولۇش؛

④ جەمئىيەتكە قارشى خاراكتېرى ئالاھىدە كۈچلۈك بولۇش، قىلمىغان ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ ئاممىغا زىيانكەشلىك قىلىش؛

⑤ كۆپ ھاللاردا مەلۇم ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولۇش، بەزىلىرى ھەتتا قىسمەن ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىنى ۋە زېمىننى تېزگىنلىۋېلىش؛

⑥ ھەر خىل چارە - ئۇسۇللار بىلەن ج خ، ئەدلىيە ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، چىرىتىپ، قوغدىنىشنى ئىزدەشتىن ئىبارەت.

ئادەتتىكى جىنايەت شايكىلىرىنى قارا جەمئىيەت خاراكتېرىدىكى جىنايەت گۇرۇھى بولۇپ تەرەققىي قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تونۇشنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا رەھبەرلىكنى ھەقىقىي توردە كۈچەيتىپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىش لازىم.

1) باش كۆتۈرۈپ چىققان ھامان زەربە بېرىش. فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، جىنايەت شايكىلىرىنى بىخ ھالىتىدىلا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. جىنايەت شايكىلىرىنىڭ ھەممىسى قارا جەمئىيەت بولۇشى ناتايىن. لېكىن قارا جەمئىيەت تەشكىلاتى مۇقەررەر ھالدا جىنايەت شايكىلىرىدىن پەيدا بولىدۇ. جىنايەت شايكىلىرى ئامانلىققا زىيان يەتكۈزۈپ، ئاممىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە كېلىپ جەمئىيەتكە قارشى كۈچلەرنىڭ بىر خىل ئىجتىمائىي ئاساسى. شۇڭا، جىنايەت شايكىلىرىغا زەربە بېرىشتە «كېچىكتۈرمەسلىك، چوڭايتىۋەتمەسلىك، ھۇجۇم قىلىش، قاتتىق بولۇش، باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، بىخ ھالىتىدىلا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى تىزگىنلەش لازىم.

2) رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. شايكا جىنايىتىگە زەربە بېرىشنىڭ ئاچقۇچى — ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ھەم مەسئۇلىيىتىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىشتە ئىپادىلىنىدۇ. چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، خەلق ئاممىسىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش، ئەرزىيەت خەت - چەكلىرىنى ئەستايىدىل كۆرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھال ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىنى ئەستايىدىل كۈتۈۋېلىش كېرەك. بولۇپمۇ ئامانلىق تەرتىپى ياخشى بولمىغان، ئاممىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بولمىغان جايلارنى بىر - بىرلەپ رەتكە تۇرغۇزۇپ، نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ جىنايەت شايكىلىرى بايقالغان ھامان قاتتىق زەربە بېرىپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

(3) قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىشتا ماھىر بولۇش لازىم. دۆلىتىمىز «جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ 294 - ماددىسىدا: ① زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇلى ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن تەشكىللىك ھالدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، بىر تەرەپكە زومىگەر بولۇۋېلىپ، تۈرلۈك ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ، ئاممىنى بوزەك قىلىپ ۋە زىيانكەشلىك قىلىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزىدىغان، قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان تەشكىلات ئۇيۇشتۇرغان، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغانلارغا ۋە ئاكتىپ قاتناشقانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ باشقا قاتناشقۇچىلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن

مۇددەتلىك قاماق جازاسى، ئۆتتۈپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رىجىم جازاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ. ② چېگرا سىرتىدىكى قارا جەمئىيەت تەشكىلاتى ئادەملىرىدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىگە كىرىپ، تەشكىلاتقا ئەزا قوبۇل قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەننىڭ ئۈستىگە باشقا جىنايى قىلمىشلارنىمۇ سادىر قىلغانلارغا بىر نەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاش ھەققىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ. ③ دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرىدىن قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان تەشكىلاتنى قانات ئاستىغا ئالغان ياكى قارا جەمئىيەت تۈسىدىكى تەشكىلاتنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايى ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىشىغا يول قويغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، ئۆتتۈپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

قىسقىسى، بۇ قانۇننى ياخشى قوللىنىش، تولۇق ئىشلىتىشتە كۈچ چىقىرىش لازىم. ئادەتتىكى جىنايەت شايكىلىرىنى ئادەتتىكى بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ. چوڭ جىنايەت شايكىلىرىنى جىنايەت گۇرۇھى بويىچە جازالاپ، ئۇلارغا ئېغىر، تېز، قاتتىق زەربە بېرىش لازىم.

4) شايكا جىنايىتىنى چىڭ تۇتۇش — نۆۋەتتە جىنايى ئىشلار جىنايىتىنى چىڭ تۇتۇشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە بولۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم ھالقا. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى شايكا جىنايىتىگە زەربە بېرىشنى نۆۋەتتىكى خىزمەتنىڭ مۇھىم ئورنىغا قويۇشى ھەم ھەر ۋاقىت شايكا جىنايىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىشى، تەھلىل قىلىشى، ئۇنىڭغا قوللىنىدىغان تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىشى، بۇ ئارقىلىق شايكا جىنايىتىگە قارشى كۈرەش قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، بۇ خىل جىنايەتكە قارشى كۈرەشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىشى لازىم.

5) باشقۇرۇش تەۋەلىكىمىز سىرتىدىكى قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان جىنايى ھەرىكەتلەرگىمۇ قارشى كۈرەشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش لازىم. دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىگە ئەگىشىپ باشقۇرۇش تەۋەلىكىمىز سىرتىدىكى قارا جەمئىيەتنىڭ سىڭىپ كىرىشى تېخىمۇ جىددىيلەشتى. كۈرەش تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. باشقۇرۇش تەۋەلىكىمىزگە كىرگەن قارا جەمئىيەت خادىملىرىنى قاتتىق باشقۇرۇش ۋە قاتتىق تىزگىنلەش، ئۇلارنىڭ تەشكىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى بايقالغان ھامان قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

6) قوشۇننىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇش لازىم. جىنايەت شايكىلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋە قارا جەمئىيەتكە ئۆزگىرىۋاتقان، مۇقەررەر ھالدا پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارغا سىڭىپ كىرىپ، خادىملارنى چىرىتىپ قوغدىنىش كونلۇكى ئىزدەيدۇ، چىرىكلىشىش جىنايىتىنى قانات ئاستىغا ئالىدۇ ۋە چىرىكلىشىشتىن پايدىلىنىدۇ، بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈۋېلىش كېرەككى، بازار ئىگىلىكى دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە، قوشۇنىمىزدىكى بەزى كىشىلەر سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئازىنىپ ئۆزگىرىپ، چىرىكلىشىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ قوغدىنىش كونلۇكىگە ئايلىنىپ قېلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپ قالىدۇ.

(ئاخىرى 37 ـ بەتتە)

# باشقىلارنى قان سېتىشقا قانۇنسىز ئۇيۇشتۇرۇش جىنايىتى توغرىسىدا

## ئارزىگۇل ئابلا

(شىنجاڭ خەلق ساقچى مەكتىپى)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قان ئېلىش خىزمەتلىرىدە باشقۇرۇش قاتتىق بولماسلىق سەۋەبىدىن قاننى تاۋار ئورنىدا كۆرۈپ قانۇنسىز «تاۋار بازىرى» پەيدا قىلىدىغان، قانۇنسىز ھالدا قان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئارىدىن پايدا ئالىدىغان ئەھۋاللار كۆپىيىپ، قان سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا، ھەتتا يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ تارقىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە سالامەتلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالماقتا. ئىلگىركى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بۇ ھەقتىكى جىنايەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بەلگىلىمە بولمىغاچقا، ساقلانغان مەسىلىلەرنى بىر ياقلىق قىلىش قىيىن بولۇپ كەلگەن ئىدى. 1997 - يىلى جىنايى ئىشلار قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇق تولدۇرۇلدى. بۇ بەلگىلىمىنىڭ تولۇقلىنىشى كېيىنكى قان ئېلىش خىزمەتلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش ئورۇنلىرىنىڭ قان ئېلىش ۋە قان بېرىش جەھەتتىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت تەرتىپىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 333 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، «باشقىلارنى قان سېتىشقا قانۇنسىز ئۇيۇشتۇرغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. باشقىلارنى زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇلى بىلەن قان ساتقۇزغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئالدىنقى تارماقتىكى قىلمىشنى سادىر قىلغانلاردىن باشقىلارنى زەخىملەندۈرگەنلەرگە مۇشۇ قانۇننىڭ 234 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ. بۇ ماددىنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا باشقىلارنى قان سېتىشقا قانۇنسىز ئۇيۇشتۇرۇش جىنايىتى — دۆلەتنىڭ قان باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارنى قان سېتىشقا قانۇنسىز ئۇيۇشتۇرۇش قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ جىنايەت تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى، بۇ جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى ئادەتتىكى سۇبيېكتى بولىدۇ. يەنى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن جىنايى جاۋابكارلىق يېشىغا توشقان، جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەرقانداق ئادەم بۇ جىنايى قىلمىش بىلەن شۇغۇللانغان بولسا بۇ جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى بولىۋېرىدۇ، تەبىئىي شەخىسلەرمۇ بۇ جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى بولالايدۇ. بىراق ئورۇنلار بۇ جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى بولالمايدۇ.

ئىككىنچى، بۇ جىنايەت سۇبيېكتىپ جەھەتتە پەقەت قەستەنلىكتىنلا شەكىللىنىدۇ. يەنى ئۆزىنىڭ قانۇنسىز قان ئېلىش، قان بىلەن تەمىنلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقى يوق ئىكەنلىكىنى ۋە دۆلەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قان

تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى مەنئى قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن شۇ قىلمىشنى سادىر قىلغان ھەمدە قىلمىش سادىر قىلغۇچىدا قانۇنسىز پايدىغا ئېرىشىش مەقسىتى بولغان بولىدۇ.

ئۈچىنچى، بۇ جىنايەت ئوبيېكتىپ جەھەتتە قىلمىش سادىر قىلغۇچى دۆلەتنىڭ قان باشقۇرۇش جەھەتتىكى بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارنى قان سېتىشقا قانۇنسىز ئۇيۇشتۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە بولغان بولۇشى كېرەك. يەنى «قان مۇلازىمەت ئورنى»، «مەخپىي قان ئىسكىلاتى» قاتارلىقلارنى قانۇنسىز قۇرۇپ، باشقىلارنى قان سېتىشقا ئۇيۇشتۇرۇش، قانۇنغا خىلاپ ھالدا قان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېلىشىم باھا، شىرىنكانە دېگەنلەرنى يولغا قويۇپ، ئارىدىن پايدا ئېلىش ھەرىكەتلىرىدە بولغان بولىدۇ.

تۆتىنچى، بۇ جىنايەتنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى مۇرەككەپ ئوبيېكت بولىدۇ. يەنى دۆلەتنىڭ قان باشقۇرۇش تۈزۈمى ھەمدە پۇقرالارنىڭ جىسمانى ھوقۇقى بولىدۇ. شۇڭا بۇ خىل قىلمىشلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

بۇ جىنايەتنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتكەندە تۆۋەندىكىدەك مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

1) مەزكۇر جىنايەت بىلەن جىنايەت ئەمەسلىكىنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىش كېرەك. چۈنكى قىلمىش سادىر قىلغۇچى قانۇنسىز پايدىغا ئېرىشىش مەقسىتىدە باشقىلارنى قان سېتىشقا ئۇيۇشتۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە بولغان بولسا، ھەمدە بۇ ھەرىكەتنى قەستەن ئېلىپ بارغان بولسا، مەزكۇر جىنايەت شەكىللىنىدۇ. ئەگەر قانۇنسىز پايدىغا ئېرىشىش مەقسىتى بولماي ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئېلىپ بارغان بولسا، جىنايەت شەكىللەنمەيدۇ.

2) مەزكۇر جىنايەت بىلەن قانۇنسىز قان ئېلىش، قان بىلەن تەمىنلەش جىنايىتى ياكى قان پىلازمىسى ياسالمىلىرىنى تەييارلاش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش جىنايىتىنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

قانۇنسىز قان ئېلىش، قان بىلەن تەمىنلەش جىنايىتى دېگىنىمىز — دۆلەتنىڭ قان باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، باشقىلارنىڭ تەن سالامەتلىكىگە زىيانلىق بولغان قانلارنى ئالغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلىگەن قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

قان پىلازمىسى ياسالمىلىرىنى قانۇنسىز ھالدا تەييارلاش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش جىنايىتى دېگىنىمىز — دۆلەتنىڭ قان باشقۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىگە زىيانلىق بولغان قان پىلازمىسى ياسالمىلىرىنى تەييارلىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلىگەن قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئىككى جىنايەت تۆۋەندىكى تەرەپلەردە پەرقلىنىدۇ.

① بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى ئوخشىمايدۇ. قان پىلازمىسى ياسالمىلىرىنى قانۇنسىز ھالدا تەييارلاش جىنايىتىنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى دۆلەتنىڭ قان باشقۇرۇش تۈزۈمى بولىدۇ. قان پىلازمىسى ياسالمىلىرى بىلەن تەمىنلەش جىنايىتىنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى، دۆلەتنىڭ قان ئېلىش، قان بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تەرتىپى، شۇنداقلا قان بېرىلگۈچىنىڭ ھاياتى ۋە سالامەتلىكى بولىدۇ.

② بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى شەرتلىرى ئوخشىمايدۇ. يەنى قان پىلازمىسى ياسالمىلىرىنى قانۇنسىز ھالدا تەييارلاش جىنايىتىدە قىلمىش سادىر قىلغۇچى ئوبيېكتىپ جەھەتتە باشقىلارنى قان سېتىشقا قانۇنسىز ئۇيۇشتۇرۇش، قانۇنغا خىلاپ ھالدا قان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئارىدىن پايدا ئېلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەردە بولغان بولىدۇ. قان پىلازمىسى ياسالمىلىرى بىلەن تەمىنلەش جىنايىتىدە، قىلمىش سادىر قىلغۇچى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك

بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، قانۇنسىز پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قانۇنسىز قان ئېلىش، قان بىلەن تەمىنلەشكە ياكى قانۇنسىز قان پىلازمىسى ياسالمىلىرىنى تەييارلاش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش ھەرىكەتلىرىدە بولغان بولىدۇ. بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ ئاساسلىق پەرقى، ئالدىنقىسىدا باشقىلارنى قان سېتىشقا قانۇنسىز ئۇيۇشتۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە بولىدۇ. كېيىنكىسىدە يوشۇرۇن ھالدا قان مەنبەسى ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي تۇرۇپ قانۇنسىز قان ئېلىش، قان بىلەن تەمىنلەش، قان پىلازمىسى ياسالمىلىرىنى تەييارلاش ياكى ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش ھەرىكەتلىرىدە بولغان بولىدۇ.

3) مەزكۇر جىنايەت بىلەن قان پىلازمىسى ياسالمىلىرى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتىنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

قان ياكى قان پىلازمىسى ياساش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ تەن سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى دېگەندە — قان ئېلىش، قان بىلەن تەمىنلەش ياكى قان پىلازمىسى ياسالمىلىرىنى تەييارلاش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەشنى دۆلەتنىڭ مەسئۇل تارمىقى تەرىپىدىن تەستىقلاتماي، تارماقلارنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزمەي ياكى مەشغۇلاتقا دائىر باشقا بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ تەن سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلغان قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئىككى جىنايەت تۆۋەندىكى تەرەپلەردە پەرقلىنىدۇ.

① بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى ئوخشىمايدۇ. ئالدىنقى جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى — ئادەتتىكى سۇبيېكت، تەبىئىي سۇبيېكت، تەبىئىي شەخسلەرلا بولىدۇ. ئورۇنلار بۇ جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى بولمايدۇ، لېكىن كېيىنكى جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى پەقەت ئالاھىدە سۇبيېكت بولىدۇ، ھەم ئورۇنلارمۇ بۇ جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى بولىدۇ. يەنى دۆلەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلىرى تەستىقلىغان قان ئېلىش، قان بىلەن تەمىنلەش، قان پىلازمىسى ياسالمىلىرى تەييارلاش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش ھوقۇقىغا ئىگە تارماقلارلا بۇ جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى بولالايدۇ. ئەگەر يۇقىرىقىدەك قان ئېلىش، قان بىلەن تەمىنلەش، قان پىلازمىسى ياسالمىلىرىنى تەييارلاش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش ھوقۇقى بولمىغان ئورۇنلار يۇقىرىقى قىلمىشلارنى ئېلىپ بارغان بولسا، بۇ قان ياكى قان پىلازمىسى ياسالمىلىرى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى بولۇپ شەكىللەنمەستىن، قانۇنسىز قان ئېلىش، قان بىلەن تەمىنلەش، قان پىلازمىسى ياسالمىلىرى ياساش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش جىنايىتى بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

② بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى شەرتى ئوخشىمايدۇ. يەنى ئالدىنقى جىنايەت سۇبيېكتىپ جەھەتتە پەقەت قەستەنلىكتىنلا شەكىللىنىدۇ، ھەم قىلمىش سادىر قىلغۇچىدا قانۇنسىز پايدىغا ئېرىشىش مەقسىتى بولغان بولىدۇ. كېيىنكى جىنايەت سۇبيېكتىپ جەھەتتە سەۋەنلىكتىن شەكىللىنىدۇ. يەنى كېلىپ چىققان ئاقىۋەتكە قارىتا قىلمىش سادىر قىلغان ئورۇنلار ئۈمىد قىلىش ياكى يول قويۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتماستىن بەلكى بىر خىل سەۋەنلىك، يەنى زىيانلىق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرۈۋېلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ بىپەرۋالىق قىلىپ ئالدىن كۆرۈۋالالماسلىق ياكى ئالدىن كۆرۈۋالغان بولسىمۇ شۇ ئاقىۋەت كېلىپ چىقمايدىغۇ دەيدىغان ئىشەنچ پوزىتسىيىسىنى تۇتقان بولىدۇ. لېكىن قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ تەكشۈرۈش ياكى مەشغۇلات قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى قەستەنلىكتىن سادىر بولۇشىمۇ مۇمكىن.

③ بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ دەخلى - تەرۆز قىلىش ئوبيېكتى ئوخشىمايدۇ. يەنى ئالدىنقى جىنايەتنىڭ دەخلى - تەرۆز قىلىش ئوبيېكتى دۆلەتنىڭ قان باشقۇرۇش تۈزۈمى بولىدۇ. كېيىنكى جىنايەتنىڭ دەخلى - تەرۆز قىلىش

ئوبيېكتى — دۆلەتنىڭ قان ئېلىش، قان بىلەن تەمىنلەش ئورۇنلىرىنىڭ ۋە قان پىلازمىسى ياسالمىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ سۈپەت باشقۇرۇش تۈزۈمى، شۇنداقلا قان بېرىلگۈچىنىڭ هاياتى، سالامەتلىكى بولىدۇ. مۇرەككەپ ئوبيېكتى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرايدۇ.

④ بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى شەرتلىرى ئوخشىمايدۇ. يەنى ئالدىنقى جىنايەتتە قىلمىش سادىر قىلغۇچى ئوبيېكتىپ جەھەتتە باشقىلارنى قان بېرىشكە قانۇنسىز ئۇيۇشتۇرۇش قىلمىشلىرىدا بولغان بولىدۇ. كېيىنكى جىنايەتتە بولسا قىلمىش سادىر قىلغۇچى ئوبيېكتىپ جەھەتتە قان ئالىدىغان، قان بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاپپاراتلارنى ئورۇنلاشتۇرماسلىق، بەدەن تەكشۈرۈش ۋە لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماسلىق ياكى لاياقەتسىز قانلارنى ئېلىش، قان پىلازمىسى ياسالمىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇنلاردىكى خادىملار قائىدىگە خىلاپ هالدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ياكى سۈپەت تەكشۈرۈشنى ئەستايىدىل ئېلىپ بارماسلىق قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق باشقىلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش هەرىكەتلىرىدە بولغان بولىدۇ.

4 ) مەزكۇر جىنايەت بىلەن قەستەن زەخىملەندورۇش جىنايىتىنى ئۆزئارا پەرقلەندورۇش كېرەك.

قەستەن زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى دېگەندە — باشقىلارنى زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قان سېتقۇزۇپ زەخىملىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان قىلمىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قىلمىشلارغا جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 234 - ماددىسىدىكى قەستەن زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىش كېرەك. باشقىلارنى قانۇنسىز قان سېتىشقا ئۇيۇشتۇرۇش جىنايىتى بىلەن قەستەن زەخىملەندۈرۈش جىنايىتىدىن ئىبارەت ئىككى خىل جىنايەت بويىچە، بىرنەچچە خىل جىنايەتنى قوشۇپ جازالاش پرىنسىپىنى قوللىنىپ جازا بېرىشكە بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىش كېرەك.

مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا قان پونكىتلىرى، ئايرىم قان ئېلىش پونكىتلىرى ۋە مەركىزىي قان ئىسكىلاتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى ئۆلكە دەرىجىلىك سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش تارماقلىرى تەستىقلايدۇ. ھەمدە سەھىيە مىنىستىرلىكىگە ئەنگە ئالدۇرىدۇ. قان مەنبەسىنى باشقۇرۇشتا، رايونلاردا تەسىس قىلىنغان شەھەر دەرىجىلىك ئورۇنلاردىن يۇقىرى سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتلىرى بېكىتكەن قان پونكىتلىرى مەسئۇل بولىدۇ، بۇلاردىن باشقا هەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ قان مەنبەسى بىلەن تەمىنلەشنى ئۇيۇشتۇرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت سەھىيە مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە دۆلەت قان ئېلىش ۋە قان بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىدە قان ئېلىش ۋە قان بىلەن تەمىنلەش ئاپپاراتلىرىنى بىر تۇتاش پىلانلاش، قاننى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، بىر تۇتاش ئېلىش ۋە مۇۋاپىق ئىشلىتىش پرىنسىپىنى يولغا قويۇپ، قان ئېلىش ۋە باشقۇرۇشنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇش لازىم.

ئايگۈل ئىبراھىم تەھرىرلىدى

# نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەر ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم

ئايگۈل ئىبرايىم

شىنجاڭ ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى پەن تەتقىقات باشقارمىسى

نىكاھلىنىش — ئوغۇل - قىز، ئەر - ئايال ئىككى تەرەپنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرت ۋە تەرتىپكە ئاساسەن، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى ئورنىتىدىغان قانۇنلۇق ھەرىكىتى بولۇپ، نىكاھ مۇناسىۋىتى جۆرىسى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئاخىرلاشقاندىن باشقا، قانۇن بويىچە نىكاھدىن ئاجراشقانلىقى تۈپەيلىدىن ئاخىرلىشىدۇ. نىكاھدىن ئاجرىشىش جۆرە بولۇشقان ئىككى تەرەپنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلار ۋە تەرتىپلەر بويىچە ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىدىغان قانۇنى ھەرىكىتى. نىكاھدىن ئاجرىشىش پەقەت نىكاھلانغان ئىككى تەرەپنىڭ جىسمانىي مۇناسىۋىتى، مال — مۈلۈك مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق - مەجبۇرىيەت قاتارلىق بىر قاتار قانۇنى ئاقىۋەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بالىلارنى بېقىش، تەربىيىلەش، ئىقتىسادىي ياردەم قاتارلىق مەسىلىلەرگىچە بېرىپ چېتىلىپ، ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا مۇئەييەن تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

تارىختىن بۇيان ئەنئەنىۋى ئائىلە شەكلىگە ئېتىبار بېرىپ كېلىۋاتقان جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، نىكاھتىن ئاجرىشىش تولىمۇ سەت ئىش بولۇپ، «ئالىيجاناپلار»نىڭ ئىشى ئەمەس»، دەپ قارىلاتتى. 1980 - يىلدىن بۇيان، قانۇن ۋە جەمئىيەت، جەمئىيەتنىڭ ھۆججەيرىسى بولغان ئائىلىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە كۆز قارىشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، قانۇننىڭ نىكاھنى چەكلەپ تۇرۇش كۈچى بوشىشقا باشلىدى. كىشىلەرمۇ نىكاھدىن ئاجرىشىشنى بەك ئەيىبلەپ كەتمەيدىغان بولۇشتى. نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى غەرب جەمئىيىتىگىلا خاس ھادىسە بولماستىن، ئائىلە قارىشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغان جۇڭگومۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بارلىققا كەلگەن يېڭىچە ئائىلە قارىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماقتا. تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئېلىمىزنىڭ نىكاھدىن ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى ئامېرىكا بىلەن تەڭلىشىپ قالغانلىقى مەلۇم بولغان. شىنجاڭ، لياۋنىڭ، جىلىن، ئىچكى موڭغۇل، سىچۈەن، نىڭشا قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ 95 - ۋە 96 - يىللىق نىكاھدىن ئاجرىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندە ئۇدا ئىككى يىل % 20 تىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدا نىكاھدىن ئاجرىشىش نىسبىتى خېلىلا يۇقىرى بولغان. ئېلىمىزدە نىكاھدىن ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ بۇنداق تېز ئۆرلەپ كېتىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

1. جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئەنئەنىۋى نىكاھ، ئائىلە قارىشىغا تەسىر كۆرسەتتى.

ئەنئەنىۋى نىكاھ، ئائىلە شەكلى ئېلىمىز

ئىسلاھات. ئىچىۋېتىش ئېلىپ بارغانغا قەدەر كەڭ دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ، بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىنىڭ نىكاھ، ئائىلە قارىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەنىدى. ئىسلاھات، ئىچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشكە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىرلا ئادەم بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تەكىتلەيدىغان، «كىمگە تەگسەڭ شۇنىڭ پېشىنى تۇت» دەپ قارايدىغان، نىكاھنى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆمۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش دەپ ئادەتلىنىپ قالغان ئەنئەنىۋى ئائىلە قارىشىدا توپ ئۆزگىرىش بولدى. بولۇپمۇ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئۆزگە ئۆرى خوجا بولۇش، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، رىقابەت كىشىلەرنى بۇرۇنقى «جەمئىيەتنى ئاساس قىلىش»تىن «شەخسنى ئاساس قىلىش» قا ئۆزگەرتىپ، نىكاھ مۇناسىۋىتىدىكى سۇبيېكتقا ئايلاندۇرۇپ، يەنە ئائىلە ئامىلى ۋە جەمئىيەت ئامىلىنىڭ تەسىرىنى ئويلاپ ئولتۇرماي ئۆز ئارزۇسى بويىچە تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ماركسىزم ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بىلەن ئالماشتۇرۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى بارلىق ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئاخىرقى سەۋەبى دەپ قارايدۇ. شۇڭا، پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشتەك بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى شۈبھىسىزكى نىكاھ، ئائىلە تۈزۈمىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەكتە، مانا بۇ نىكاھدىن ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب.

2. نوپۇسنىڭ يۆتكىلىشى نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسەتتى.

ئىقتىساد تەرەققىي قىلىپ، رايون، ساھە، مىللەتنىڭ چەك - چېگرىسى بۇزۇلدى، ئوخشىمىغان رايون، ئوخشىمىغان كەسىپ، ئوخشىمىغان دۆلەت تەۋەلىكىدىكىلەرنىڭ توغرا لىنىيىلىك يۆتكىلىشى كىشىلەرنىڭ ئۇچرىشىش دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. نوپۇسنىڭ يۆتكىلىشى بولسا نىكاھنىڭ تۇراقسىز بولۇشىغا سەۋەب بولدى. كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە، ئۇچرىشىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر بۇرۇنقى قانداشلىق ۋە يۇرتداشلىق تار دائىرىسىدىن تېخىمۇ كەڭ بولغان جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى بىرلىشىش نۇقتىسىنى ئىزدەيدىغان بولدى؛ بۇرۇنقى نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتى بۇ خىل ئۆزگىرىشكە ئۇيغۇنلىشالمىسا مۇۋاپىق تەڭشەشكە توغرا كېلىدۇ.

3. ئىقتىسادىي شارائىتنى نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتىگە تەسىر كۆرسەتتى.

پۇل خەجلەشتە كېلىشەلمەسلىك - ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد باشقۇرۇش ھوقۇقى ياكى مالىيە ھوقۇقى جەھەتتىكى زىددىيەتنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ، ئېغىر توقۇنۇش نىكاھنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئائىلىنىڭ ئىستېمال بىرلىكى بولۇش فۇنكسىيىسى ئۆزگەرمىسىلا، ئىستېمال مەسىلىسىدە ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ باراۋەر ئىقتىساد باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ياكى ئېرىشەلمەسلىكى - ئەر - خوتۇننىڭ ھېسسىياتىنى باغلاپ تۇرىدىغان مۇھىم ئامىل بولىدۇ. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە، ئىقتىساد مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، بەزىلەرنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىدە مۇھەببەت ئەمەس بەلكى ئىقتىساد پەيدىنپەي يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈپ، ماددىي شارائىت ياكى پۇل - مال نىكاھنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەمگە ئايلاندى، نىكاھتا ئىقتىسادنى يېتەكچى قىلىدىغان بۇنداق ئەھۋال ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان رايونلاردا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولماقتا، ئىقتىساد يېتەكچى ئورۇن تۇتقان بۇنداق نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىدە، ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، پۇل بولسىلا بولىدۇ، بىر - بىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى پۇل - دۇنيا تولدۇرالمىغاندا، نىكاھتىن ئاجرىشىش مۇقەررەرلىككە ئايلىنىدۇ.

4. نىكاھ سۈپىتى نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تەسىر كۆرسەتتى.

ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە

ئەگىشىپ، كىشىلەر نىكاھ مۇناسىۋىتىدە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش ۋە ئىناق - ئىجىل ئۆتۈشكە تېخىمۇ ئېتىبار بېرىدۇ، نىكاھتىن سۆيگۈگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، توي قىلغاندىن كېيىن ئۈمىد قىلغان نەرسىگە ئېرىشەلمىسە نىكاھ مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش قىيىنغا چۈشىدۇ. شۇڭا، نىكاھ سۆيۈشنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، نىكاھ سۆيۈشىنى بولسا ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئامىللار بەلگىلەيدۇ.

(1) جۆرىسىنىڭ چۈشىنىش دەرىجىسىنى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئەر - خوتۇنلارنىڭ تونۇشۇپ قېلىشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب، مىجەز - خۇلقى كېلىشەلمەسلىك مەدەنىيەت ساپاسى جەھەتتىكى پەرقىنىڭ چوڭ بولۇشى، قىزىقىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە ئەر- خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ قىزىقىشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتىكى پەرق نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر.

(1) جىنسىي تەلەپ جەھەتتىكى پەرق.

جىنسىيەت — ئەركىن ۋە تەرەققىي تاپقان جەمئىيەتتە نىكاھنىڭ ئاساسلىق تەركىبىدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە، جىنسىي تەلەپنىڭ قاندۇرۇلۇشى ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشتىكى مۇھىم مەزمۇندۇر. ئەگەر نىكاھتا جىنسىي تەلەپ قاندۇرۇلمىسا، ئەر - خوتۇننىڭ ئىناقلىقى بۇزۇلىدۇ. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە، جىنسىي تەلەپ ئەنئەنىۋى پەرزەنت كۆرۈش فۇنكسىيىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، كىشىلەرنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشىدىكى مۇھىم ئىنتىلىشكە ئايلاندى. جىنسىي ئالاقە ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشتىكى بىرىكتۈرگۈچ بولۇپ، بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىسا ئائىلىنىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت يېتىدۇ.

5. ئەخلاق قارىشىنىڭ ئاجىزلىشىشى، شەخسىيەتچىلىكنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى، جامائەتچىلىك ۋە قانۇننىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تىزگىنلەش كۈچىنىڭ ئاجىزلىششى تۈپەيلىدىن نىكاھدىن ئاجرىشىش نىسبىتى ئۆرلەپ كەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يولغا قويۇلغان بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇشتەك نىكاھ تۈزۈمى ئەر، ئايال ئىككى تەرەپتىن نىكاھتىن بۇرۇنقى جىنسىي ھەرىكەتنى ئۆزى چەكلەشنى تەلەپ قىلغانلىقتىن ، نىكاھتىن بۇرۇنقى جىنسىي ھەرىكەت ۋە ئۈچىنچى شەخسنىڭ قوشۇلۇۋېلىشى قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايتتى، ئېغىرلىرى يەنە تېگىشلىك جازاغا ئۇچرايتتى. بۇ جىنسىي تۇرمۇشقا جىددىي قاراش، ئىجتىمائىي ئەخلاقنى ساپلاشتۇرۇپ ئائىلىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتا ئاكتىپ رول ئوينىغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا، ئەخلاق قارىشى كۈندىن كۈنگە ئاجىزلىشىپ نىكاھتىن بۇرۇنقى جىنسىي ھەرىكەت، ئۈچىنچى شەخسنىڭ قوشۇلۇۋېلىشى، جۆرىسىدىن سىرت ئاشنا تۇتۇش قاتارلىق قىلمىشلارنى «كارايىتى چاغلىق» ياكى «چۈشىنىشكە بولىدۇ» دەپ قارايدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەخسىيەتچىلىك كۈچىيىپ كەتكەنلىكتىن، ھەممىدە ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان، ئۆزىنى قاندۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان ئىدىيە پەيدا بولۇپ، نىكاھتا ئۆزىنىڭ نەپسى (پۇل - دۇنيا، مەنىۋى، جىنسىي نەپسى قاتارلىقلار) قانمىسلا، نىكاھتىن ئاجرىشىش مەنتىقىگە ئۇيغۇن ھەل قىلىش ئۇسۇلىغا ئايلاندى.

جەمئىيەت، قانۇن، جەمەت، قولۇم - قوشنا، دىن جەھەتتىكى ئەنئەنىۋى ئەخلاقنىڭ نىكاھنى تىزگىنلەپ تۇرۇش كۈچى بولسا بارا - بارا ئاجىزلاشتى، جەمەت، دوست - بۇرادەر، ئەلى - مەھەللە قاتارلىق باشلانغۇچ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاشتى، جامائەتچىلىك ۋە قانۇن - تۈزۈمنىڭ كەڭ قورساقلىقى نىكاھتىن ئاجرىشىشنى كۈنسايىن ئاددىيلاشتۇرۇۋەتتى ۋە ئاسانلاشتۇرۇۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى ئۆرلەپ كەتتى.

6. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە ئاياللار پەرزەنت كۆرۈش ۋاستىسى ۋە ئەرلەرنىڭ قوشۇمچە

نەرسىسى بولماستىن، ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقى ئۆزلۈكسىز كۈچىيىپ، نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىلگىرى ئائىلە ئۈستىگە ئالىدىغان ھەر خىل ئىجتىمائىي فۇنكسىيەلەر، مەسىلەن. ئىشلەپچىقىرىش فۇنكسىيىسى، پەرزەنت تۇغۇش فۇنكسىيىسى، پەرۋىش قىلىش فۇنكسىيىسى قاتارلىقلار سۇسلىشىپ، ئەر - خوتۇن ئارىسىدىكى مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت ئاجىزلىشىپ، بۇنىڭ بىلەن نىكاھ مۇناسىۋىتىنى باغلاپ تۇرىدىغان ئەنئەنىۋى ۋاستە بوشاپ كەتتى.

شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى ئىقتىسادىي تەرەققىيات كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆزگىچە خاس ھادىسە بولۇپ، ئېلىمىز ھازىر جەمئىيەت ئۆزگىرىۋاتقان، ئىگىلىك تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋردە تۇرماقتا، بۇنىڭ نىكاھ. ئائىلىگە تەسىر كۆرسىتىشىمۇ مۇقەررەر. شۇڭا، بىز نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى ئۆرلەپ كېتىشتەك بۇ بىر ئىجتىمائىي ھادىسىگە توغرا قارىشىمىز كېرەك. بۇ بىر تەرەپتىن، بارغانسېرى كۆپ كىشىلەرنىڭ نىكاھ مەسىلىسىدە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى ئىگىلەپ، ئۆز بەختىگە ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، نىكاھتىن ئاجرىشىش كەلتۈرۈپ چىقارغان سەلبىي تەسىرگە سەل قاراشقىمۇ بولمايدۇ؛ مەسىلەن: ① نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇش نەتىجىسىدە ئائىلىلار، بالىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتتى. بولۇپمۇ بالىلارغا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئورنىنى تولدۇرۇش قىيىن بولغان جاراھەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. تەكشۈرۈلۈشىچە، ئاتىسىز (ياكى ئانىسىز) ئائىلىدە چوڭ بولغان بالىلاردىن پىسخىك جەھەتتە غەيرىيلىك بولۇپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىرى ئاتا - ئانىلىق ئائىلىدە چوڭ بولغان بالىلاردىن خېلىلا كۆپ ئىكەن. ② ئۈچىنچى شەخسنىڭ قوشۇلۇۋېلىشى، جۆرىسى تۇرۇپ ئاشنا تۇتۇش قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان نىكاھتىن ئاجرىشىش ھەققىدە ھازىرقى نىكاھ قانۇنىدا كونكرېت بەلگىلىمە يوق، نىكاھتىن ئاجرىشىش خاتالىق سادىر قىلمىغان تەرەپكە زور روھىي زىيان كەلتۈرىدۇ، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا جەمئىيەتكە پاسسىپ ئەخلاق قارىشى، نىكاھ، ئائىلە قارىشى تەسىرى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، نىكاھتىن ئاجرىشىش ئۆرلەپ كېتىشنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

(1) نىكاھ ھەققىدە قانۇن تۈزۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. «نىكاھ قانۇنى» يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تۈزۈلگەن تۇنجى قانۇن، شۇنداقلا ھازىرغا قەدەر ئەڭ يىرىك قانۇن بولۇپ، تولۇق تېكستى جەمئىي 37 ماددا. جەمئىيەت، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نىكاھ قانۇنىدا ئىناۋەتسىز نىكاھ، ئۈچىنچى شەخسنىڭ قوشۇلۇۋېلىشى، جۆرىسى تۇرۇپ ئاشنا تۇتۇش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ كەمچىل بولۇشى ۋە نىكاھلىنىش شەرتى ھەققىدىكى بەلگىلىمە، ئەر - خوتۇننىڭ مال - مۈلكى ھەققىدىكى بەلگىلىمە قاتارلىق نۇرغۇن بەلگىلىمىلەر ھازىرقى زاماننىڭ ئېھتىياجىغا ئويغۇنلىشالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، «نىكاھ قانۇنى» دا «مۇھەببىتى بۇزۇلغان - بۇزۇلمىغانلىق» نىكاھتىن ئاجرىشىشقا باھا بېرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىنغان بولۇپ، مۇھەببىتى

بۇزۇلۇشنى سۇنئىي پەيدا قىلغىلى بولىدۇ، مەسىلەن، بۆلەك ئۆلتۈرۈش، چىدەللىشىش، ئۇرۇشۇش قاتارلىقلار. شۇڭا، نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتىنى ئۇنۇملۇك تىزگىنلەش ئۈچۈن چوقۇم ئىشنى قانۇن تۈزۈشتىن باشلاپ، نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىنچىكە، مەشغۇلاتچانلىقتا ئىگە پرىنسىپ تۈزۈپ، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يوقىلاڭ سەۋەبلەر بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش ھادىسىسىنىڭ يامراپ كېتىشىنى تىزگىنلەش كېرەك.

(2) مەدەنىيەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، توغرا بولغان نىكاھ، ئائىلە ئەخلاق قارىشى تۇرغۇزۇش كېرەك. قانۇن بىلەن ئەخلاق بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر - بىرىگە ماسلىشىدۇ، ھېچقايسىسىنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. بىز نىكاھ ھەققىدە قانۇن تۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە خەلققە بولغان ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ئەخلاق تەربىيىسى ئارقىلىق تەسىرلەندۈرگەندىلا كىشىلەرنى نومۇسچان قىلىپ چىققىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئەخلاق كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىچكى سەۋەب بولۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۈنۈملۈك يۇقىرى كۆتۈرۈپ، توغرا بولغان سوتسىيالىستىك نىكاھ ئەخلاق قارىشى تۇرغۇزغاندىلا، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى پاكلاشتۇرۇپ، كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى، بۇنىڭ بىلەن يەكۈنلۈك قىلىپ نىكاھتىن ئاجرىشىش ھادىسىلىرىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىگىلى بولىدۇ.

(3) جەمئىيەتنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى كۈچەيتىش كېرەك. نىكاھتىن ئاجرىشىش ئىشى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىشى، ئۆزەم بىلەن ئالاقىسى يوق دەپ قارىماي، مۇۋاپىق بولغان ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە مەدەنىيەت مۇھىتى ھازىرلاپ، جەمئىيەتتىكى بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ جەمئىيەتكە، ئائىلىگە ۋە پەرزەنتلەرگە كەلتۈرىدىغان سەلبىي تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش، ھەرقايسى قاتلاملارنىڭ بولۇپمۇ ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ماسلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پائال، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ قانۇنلۇق نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتىنى قوغداش، باشقىلارنىڭ بەختلىك ئائىلىسىنى بۇزىدىغان ئەخلاقسىز قىلمىشلارنى جامائەت پىكرى ئارقىلىق ئەيىبلەش، ئالاقىدار تارماقلار بەلگىلىك چارە كۆرۈش، سوت مەھكىمىسى بەلگىلىك جازالاش كېرەك.

قىسقىسى، ئېلىمىزنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدە بىرىنچىدىن، ئىلگىرىكى «سۇپىتى تۆۋەن، مۇقىملىقى يۇقىرى» بولغان نىكاھ ئەندىزىسىنىڭ ئەكسىگە قايتىشى، ئىككىنچىدىن، جەمئىيەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئەخلاق قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى داۋامىدا، بىزنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ سەلبىي تەسىرىنى تۈگىتىشىمىزنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرمىغانلىقىمىز ئاساسلىق سەۋەبتۇر. بىز ھازىرقى زامان نىكاھ، ئائىلە قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشىنى توغرا تونىغان ئاساستا، ھەر خىل ئىجتىمائىي، مەھەللىۋى ۋە قانۇنىي باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق، ناتوغرا نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بازار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھازىرقى زامان نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

سەلىمە خوجا تەھرىرلىدى

# چەت ئەل نىكاھ قانۇنلىرىدىن

△ ئېكۋاتورنىڭ ئاندىس تاغلىق رايونىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: تۇنجى قېتىم نىكاھتىن ئاجراشقان ئايال چوقۇم بەش يىل تول ئۆتۈپ، ئاندىن قايتا توي قىلسا بولىدۇ، ئىككى قېتىم نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن چوقۇم سەككىز يىل تول ئۆتۈپ ئاندىن قايتا ياتلىق بولسا بولىدۇ. ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق نىكاھتىن ئاجراشقانلار ئۆمۈر بويى توي قىلىشقا بولمايدۇ.

△ پېرۇ ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: ئاياللىنى تىللىغانلار بەش كۈندىن ئون كۈنگىچە نەزەربەنت قىلىنىدۇ، ئۇرغانلار بىر ئاي مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىدۇ. ئاياللىنى ئۇرۇپ ئېغىر دەرىجىدە يارىلاندۇرغانلار بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

△ نېگىرىيىنىڭ يەرلىك دائىرىلىرى مۇنداق بەلگىلىگەن: ھەر قانداق ئەر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزلار بىلەن توي قىلسا بىردەك تۈرمىگە قامىلىدۇ ۋە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

△ سۇلايمان تاقىم ئارىلىدىكى بىر رايوننىڭ قانۇنىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: ئەرلەرنىڭ تويلۇق سوۋغىتى 400 فوندستېرلىڭغا باراۋەر كېلىدىغان ئەڭ يوقىرى چەك سوممىسىدىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار بىردەك ئۈچ ئاي نەزەربەنت قىلىنىدۇ ياكى جەرىمانە قويۇلىدۇ.

△ ئەنگلىيىنىڭ قانۇنىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: مۇبادا ئەر ئامما ئالدىدا قەسەم بەرسە ھەمدە بىر يىل ئىچىدە ئايالى بىلەن زادىلا ئۇرۇشمىسا ئۇ دۆلەت خەزىنىسىدىن بىر دانە چوشقا سېنىنغا ئېرىشەلەيدۇ.

## 15 كۈن سوغاققان بولۇش

نىكاھنى مۇستەھكەملەش، ئائىلىنىڭ مۇكەممەللىكىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى يېقىندا نىكاھلىنىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىلارغا قارىتا مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى «15 كۈن سوغاققان بولۇش» قانۇن لايىھىسى ماقۇللىدى. مەزكۇر قانۇن لايىھىسى نىكاھ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش ئارقىلىق، نىكاھلىنىدىغان ئىككى تەرەپنىڭ ئائىلە قۇرۇش ئىرادىسىنى سىناش، ئالدىراپ - تېنەپ توي قىلىپ، يەڭگىللىك بىلەن ئاجرىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلىدىكەن.

(«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلى» نىڭ 99 - يىل 8 - سانىدىن ئېلىندى)

---

دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ بۇرۇنقى كېچىكمەي توي قىلىش تۈزۈمى تارىخىي ماتېرىياللاردىكى ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا، 2700 يىل ئىلگىرىكى غەربىي چۇ سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. «يوسۇننامە» دە غەربىي چۇ سۇلالىسى دەۋرىدە «ئەرلەر 20 ياشتا تاج كىيىپ ئەدەپ ئۆگىنىش، 30 ياشتا ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ توي قىلىش، ئاياللار 15 يېشىدا بويىغا يېتىدۇ، 23 ياشتا توي قىلسا مۇۋاپىق بولغان توي قىلىش يېشى بولىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلغان.

(قانۇنچىلىق گېزىتىدىن)

**قىستۇرما پارچىلارنى سەلىمە خوجا تەييارلىدى ۋە تەھرىرلىدى**

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا، تەربىيە — ئاساس،
قانۇنچىلىق - كاپالەت، نازارەتچىلىك — ئاچقۇچ.

# شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

# 新疆公安司法管理干部学院学报


主办单位　新疆公安司法管理干部学院

编辑发行单位　《新疆公安司法管理干部学院学报》编辑部

地址　乌鲁木齐市天津北路 2 号

国内统一刊号　CN65－1200/D

邮编　830011

电话　6638835－2140　6638836－2184

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى

تۈزۈپ تارقاتقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى تيەنجىن شىمالىي يولى 2 - قورۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى CN65－1200/D－W

پوچتا نومۇرى: 830011

تېلېفون نومۇرى: 6638836－2140,2184